مۇھەممەت چاۋار

# شاھەنەمنىڭ ئاشىقى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ




ISBN 978-7-228-08652-8

9 787228 086528 >

定价：9.00元

مۇھەممەت چاۋار

# شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى

(ھېكايىلەر، پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

夏赫赛娜木的情人 /买买提·恰瓦尔著。
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.3（2009.5 重印）
ISBN 978—7—228—08652—8

Ⅰ.夏… Ⅱ.买… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）② 短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 014830 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 买买提·恰瓦尔 |
| **责任编辑** | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| **责任校对** | 帕力达·艾力 |
| **封面设计** | 艾克拜尔·沙力 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆八艺印刷厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 850×1168 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 6.125 |
| **版　　次** | 2007 年 7 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2009 年 5 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 3001—6000 册 |
| **定　　价** | 9.00 元 |

# شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى

(ھېكايە - پوۋېستلار)

ئاپتورى: مۇھەممەت چاۋار
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەردە ئەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.125
نەشرى: 2007 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىلى 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 3001—6000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-08652-8
باھاسى: 9.00 يۈەن

# ئورتاق غايە، ئەقىدىگە ئوقۇلغان مەدھىيە

(مۇھەممەت چاۋارنىڭ «شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى»
ناملىق كىتابىغا كىرىش سۆز ئورنىدا)

مۇھەممەت چاۋار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە خېلى پۇختا بەدىئىي خاسلىققا ئىگە شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ئۆزىگە خاس ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامغا سازاۋەر بولغان ئىقتىدارلىق شائىرلاردىن بىرى. ۋۇجۇدىدا ئىجتىھات ۋە ئىزتىراپ تۇيغۇلىرى ھەر ۋاقىت ئۇرغۇپ تۇرغان تەپەككۇر ساھىبىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھايات قىسمەتلىرى ئاتا قىلغان روھىي جۇغلانمىلار گاھىدا نەزمە قۇرلىرىغا تىزىلىپ قاپىيە نازاكەتلىرى بىلەن جۇلالانسا، گاھىدا بەلگىلىك ئارقاق ـ ئۇرۇشلۇك ماكان ـ زامان ھادىسلىرى ۋە ھەرخىل ئوبرازلار ۋاسىتىسىدە نامايان بولىدۇ. مۇھەممەت چاۋار يۇقىرىقى ئىككى خىل ئىمكانىيەتتىن ئورتاق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يېتىلگەن ماھارىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىر كىشىلىك يېڭىچە تۇس قوشتى. مانا شۇ تاپتا ئوقۇرمەنلىرىمىز مۇھەممەت چاۋارنىڭ تۇنجى نەسرىي ئەسەرلەر توپلىمى ــــ «شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، «شاھ سەنەمنىڭ ئاشىقى» ناملىق بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر گەرچە سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس رەڭدارلىققا ئىگە. مەسىلەن: «مەشئۇملۇق» دەپ ئاتالغان پوۋېستتا ئاپتور بىزنى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى قەشقەر ۋە خوتەن ۋادىلىرىغا باشلاپ،

مۇھەببەت، ساداقەت، دوستلۇق ھەققىدىكى ئاجايىپ تەسىر-لىك، ئۇنتۇلماس قىسسىلەردىن ھۆزۈرلاندۇرسا، «شاھسەنەم-نىڭ ئاشىقى» ناملىق پوۋېستتا ئىزدىنىش روھىغا باي، تىرىش-چان، ئۆز ئەقىدىسىگە ساداقەتمەن، ئىرادىلىك مەرىپەت ئىگىلى-رىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت قاباھەتلىك يىللاردىكى ئاچچىق قىسمەتلىرىگە ھەمنەپەس قىلىدۇ. «ئاق كېپىنەك» ، «نەسىللىك بۇقا» ، «ئۆكتەملىك» قاتارلىق ھېكا-يىلەردە بولسا تۇرمۇشتىكى ئاددىي، تەبىئىي ئەمما تىپىك ۋەقە ۋە ھادىسىلەر تۇتقا قىلىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشچان ھېس - تۇيغۇلار، پۇرسەت ۋە مەن-پەئەت، ديانەت ۋە نەپسانىيەت قاتارلىق مۇرەككەپ ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆركەشلىرى ھەم ئۆتكۈر كومېدىيە-لىك ھەم چوڭقۇر تىراگېدىيىلىك نۇقتىدىن ئەپچىللىك بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئوقۇرمەنلەر «ئاق كېپىنەك» دېگەن ھې-كايىنى ئوقۇغاندا ئۆزىنى بىر مەيدان غەلىتە كومېدىيىنىڭ تاما-شىبىنى قاتارىدا ھېس قىلسا، «نەسىللىك بۇقا» دېگەن ھېكايى-نى ئوقۇغاندا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي ئېغىر ئۇھسى-نىپ قالىدۇ؛ «ئۆكتەملىك» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇغاندا بولسا، ئويلاپ يېتىش قىيىن بولغان رەزىل قىلمىشلاردىن غەزەپكە كېلىدۇ.

مەن بۇ يەردە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بارلىق ئەسەرلەر ھەققىدە بىرمۇبىر توختىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى ئالغۇم يوق. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر دەپ تونۇغان «مەشئۇملۇق» پوۋېستى ھەققىدە ھېس قىلغانلى-رىمنى قىسقىچە بايان قىلىمەن.

«مەشئۇملۇق» پوۋېستىنىڭ دەسلەپكى قۇرلىرىنى ئوقۇش بىلەن تەڭ مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتقان نۇقتا ئۇنىڭ قۇ-رۇلمىسى بولدى. چۈنكى ئاپتور ئەسەرگە قەلەم تەۋرىتىشتە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يارقىن، يېقىملىق ئاممىباب ئۇسلۇبىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بىزنى ئۆزىمىزگە ئەڭ

يېقىن بولغان، ئەمما تاشلىنىپ قالغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان قويۇق شەرق تۇسىغا ئىگە قىسسىلەر ئالىمىگە باشلايدۇ.

پوۋېستقا قوشۇمچە «ئىشق تۇتىسىنىڭ يېڭى ئەپسانىسى» دەپ ماۋزۇ ئىلاۋە قىلىنغان، بۇنى ھەرگىزمۇ شۇنداقلا شەكلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى قەستەن بېزەك چىقىرىشنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى خوتەنلىك سازەندە يىگىت شىرمۇھەممەت بىلەن قەشقەرلىك شائىرە قىز شەمسىقەمەرنىڭ مۇھەببەت ۋە ساداقەت بابىدىكى مۇقام كۈيلىرىدەك مۇڭلۇق، مەڭگۈ يېڭى تەسىرلىك ئەپسانىسىنى ئىشق تۇتىسىدىن ئاڭلايمىز. مېنىڭچە ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى قىسسە شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، بولۇپمۇ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە قويۇلغان ياقۇت كۆزدەك ياراشقان. بۇ نۇقتىدىن ئەسەر خەلقىمىزنىڭ كلاسسىك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت قىسسىلىرى ۋە داستانلىرىغا ئاھاڭداش كېلىدۇ.

پوۋېست تىل جەھەتتىن قېنىق شېئىرىي «پۇراق» قا ئىگە. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك مۇھەممەت چاۋار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ شائىرلىقى بىلەن تونۇلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ شائىرانە تەپەككۇرى، ھېس ـ تۇيغۇسى، ھاياجانلىق تەۋرىنىشلىرى بۇ مۇھەببەت قىسسىسىگە تەبىئىي رەۋىشتە يارقىن، يېقىملىق، ئويناق تىل ئاتا قىلغان. ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىكى ئۇنىڭ ئاپتور بىزگە سۈرەتلەپ بەرگەن ئاشۇ ماكان ۋە تارىخىي دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن.

پوۋېستنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ئېغىر ئويغا پاتتىم. ئورتاق نىشان، ئورتاق غايە ۋە ئورتاق ئەقىدە بىلەن بىر ـ بىرىگە سەمىمىي كۆڭۈل قويغان ئىككى ياشنىڭ ئۇنتۇلماس تېراگېدىيىلىك قىسمىتى مېنى لەرزىگە سالغانىدى. ئەسەرلەر گەرچە ھەجىم ئېتىبارى بىلەن پوۋېست دەپ ئاتالغان

بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭ ۋەزنى رومان دەپ ئاتالغان خېلى توم كىتابلاردىن ئېغىر تۇيۇلدى.

شائىر، يازغۇچى مۇھەممەت چاۋار ئەپەندى 1949 ـ يىلى «يىپەك ئېلى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، خوتەندە دۇنياغا كەلگەن. 1967 ـ يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپلىق لاۋازىمى بىلەن مەشغۇل.

مۇھەممەت چاۋار 1973 ـ يىلى «ئورما قوشىقى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. 1986 ـ يىلى «يېشىل مۇھەببەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. بىر نەچچە ئەسەرلىرى مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولغان. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەھەتتە قوش تەرەپلىمە ماھىر تەرجىمان. ئۇ يەنە ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئىستېتىكىسى جەھەتلەردىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. نۆۋەتتە ئۇ سىستېمىلىق ھالدا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەر تۆكمەكتە.

ئاخىردا ئىقتىدارلىق قەلەم ساھىبى مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ئاق يول ۋە مول نەتىجە تىلەيمەن. بۇ يامىشلىرىم مۆھتەرەم ئاپتور ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇبارەك نەزىرىگە مەنزۇر كەلسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئەزىزى

2003 ـ يىلى 22 ـ يانۋار

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


ئاق كېپىنەك ........................................ 1
نەسىللىك بۇقا ........................................ 15
ئۆكتەملىك ........................................ 28


## پوۋېستلار


شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى ........................................ 41
مەشئۇملۇق ........................................ 128

# ئاق كېپىنەك

كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۇرسۇن ھاكىم تېخى ئۆسۈپمۇ ئۆلگۈرمىگەن ساقاللىرىنى بىر قۇر «دەزمال» لىغاندىن كېيىن ئىشكاپتا ئېسىقلىق تۇرغان گالاستۇكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاق چېكىت گۇللۇك قارا گالاستۇكتىن تاللاپ تاقىدى ـ دە، ئۆينىڭ جەنۇب تېمىغا ئېسىلغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى.

— كەچتە يەنە نەگە بارىسىز؟ — پېشايۋان سۇپىسىغا سېلىنغان داستىخان ئۈستىدىكى قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئايىمنىسا ئېرىنىڭ ئالدىراش جابدۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتتى.

— يىغىنغا، كەچتە ھۆكۈمەتتە يىغىن ئاچىمەن، — دېدى ئۇ، ئايىمنىساغا قاراپ، — سەن باللار بىلەن بالدۇرراق ياتقاچ تۇرساڭمۇ بولىدۇ، — تۇرسۇن ھاكىم ئۆرۈلۈپ، ئايۋان سۇپىسىغا تاشلانغان سومكىسىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپلا تالاغا ماڭدى.

— مەن كەتتىم.

ئايىمنىسا يەنە ئادەتتىكىچە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئاشخانىنى پاكىز يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئەتتىگەندىن بېرى يۇيۇپ قۇرۇتقان كىيىملەرنى ئايۋاننىڭ سۇپىسىغا تاشلاپ، دەزماللاشقا باشلىدى. ئۇ، ھەقلىق يوسۇندا ئاۋ-

ۋال ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى دەزماللىدى. تۇرسۇننىڭ ھاكىملىققا تەيىنلىنىشى بىلەن ئۆينىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى. بۇ، ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ بېشىغا كىيىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلىپ - كېتىۋاتقان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەيسىز. ئەمما، ئۇ، ۋايسىمايتتى. شۇنداق، ئۇ جاپاغا كۆنۈك. راستىنى ئېيتقاندا تۇرسۇن بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەھرا قىزى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتا - ئانىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆز يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكى تۇرسۇن بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولدى. مانا، ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. قارغىش تەگكۈر زاماننىڭ يامان كۈنلىرى تۈگەپ، تۇرسۇن ھاكىم بولدى. ئېرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئائىلە ئايالى بولۇشىغا قارىماي، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى. ئايىمىنىسا مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئېھتىمال كۆڭلى سۆيۈندى بولغاي، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاستا ھەرىكەتلىنىۋاتقان دەزمال شۇ تاپتا قىزىغانىدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى. تۇرسۇن ھاكىمنىڭ «كەچلىك يىغىنلىرى» مۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋەردى. «ھاكىم دېگەننىڭ ئىشى ئاز بولامتىمۇ؟ ھەركۈنى شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىمۇ چەكلىك - دە! ۋاقىت يېتىشمىگەندىن كېيىن كېچە ئىشلىمەي نېمە ئامال» دەپ ئويلايتتى ئايىمىنىسا، «ھاكىملىق دېگەن تازا بازىرى ئىتتىك ھۈنەرگىلا ئوخشايدىكەن».

ئەپسۇس، ئىش ئۇنداق ئوڭۇشلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈكى ئايىمىنىسا ئازراق قېتىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىۋىدى، كۆۋرۈك بېشىدا مۇئاۋىن ھاكىم سەيدۇللانىڭ خوتۇنى ساجىدەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تىنچ - ئامانلىق

سوراشقاندىن كېيىن، ساجىدەم ئۇشتۇمتۇت ھاكىمنىڭ ئۈستىدە سۆز ئاچتى:
— ۋاي، ئايىمنىساخان، ئۆزلىرىگە بىر گېپىم بار ئىدى. دېسەم بولارمۇ؟ دېمىسەم بولارمۇ؟
— نېمە گەپ ئىدى ساجىدەم؟ — ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن ھەيرانلىقتا چۆمگەن ئايىمنىسا ئاڭلاش تەقەززاسىدا دېدى، — دەۋەرسىلە، نېمە گەپ بولسا شۇنى دېسىلە.
— ئەمىسە، خاپا بولمايلا جۇما؟
— ياق.
— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇرسىلا، يېقىندىن بۇيان ھاكىمنىڭ كەچلىكى نەلەرگە بېرىپ يۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەرلىرى باردۇ؟
— ئۇ كەچلىرى يىغىنىم بار، ھۆكۈمەتتە يىغىن ئاچىمەن دەپ كېتىدۇغۇ.
— ۋايىيەي نەدىكى يىغىننى دەيدىغانلا، خانىم، ئۇلار يىغىنغا بارمايدىكەن، تانسىغا بارىدىكەن، تانسىغا! — ساجىدەمنىڭ سۆزى گەرچە ئۇنىڭ ئاز - تولا زەردىسىنى قايناتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى.
— ھاكىم بولغاندىكىن، باشقىلار چاقىرىدىغاندۇ، شۇڭا بارغاندۇ، مەيلى بارسا بارمامدۇ.
— ۋىيىيەي خانىم، نېمە دېگەنلىرى ئۇ، مەيلى دەۋاتقانلىرىنى، تېخى. بۇ دېگەن «چاقىرىق - چىللاق» ئەمەس، بەلكى مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان تانسا. ئۇ يەرگىچۇ، قارىسىلا ناھىيە تەۋەسىدىكى داردىن قاچقان «جىن - شاياتۇن» لارنىڭ ھەممىسى يىغىلىدىكەن. ئىرماش - چىرماش بولۇپ ئوينايدىكەن. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆتكەندە بىر سوقۇشۇپ قالدىم، بىزنىڭ ئادەمغۇ بارمايدىغانلا بولۇپ كەتتى. سىلىمۇ ھاكىمغا كۆپىرەك كۆز - قۇلاق بولالا. بوشاڭلىق قىلىپ، ھاكىمنى ئاشۇ

«جىن ـ ئالۋاستى» لارغا تارتقۇزۇپ قويمىسىلا، يەنە.
كۆۋرۈككە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككىيلەن خوشلىشىشتى. بىراق، ساجىدەمنىڭ كېيىنكى «تارتقۇزۇپ قويمىسىلا» دېگەن سۆزىدىن ئايىمنىسانىڭ پاك يۈرىكىگە راستىنلا پىچاق سانجىلغاندەك بولدى.
شۇ كۈندىن بۇيان ئايىمنىسانىڭ كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇ، كۆپ ئويلىدى. ھەتتا بۇ ئىشنى بىۋاسىتە ئېرىنىڭ يۈزىگە سېلىش نىيىتىگىمۇ كەلدى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئىشنى ھامان ياخشىلىققا چۆرۈپ ئويلايتتى. «بۇ چىدىماسلارنىڭ تاپقان گېپى بولمىسۇن، يەنە. غەيۋەتنىڭ كەينىگە كىرىپ، پۇشايماندا قالغانىنىڭ نېمە پايدىسى بولاتتى».
بۈگۈن ئەل ـ جامائەت ئېيتقاندەك «شېكەر شەنبە» ئىدى. ئايىمنىسا پۈتۈن بىر ئاخشام ئېرى ۋە باللىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ ـ ھە! ئەپسۇس، ئىش يەنە ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، تۇرسۇن ھاكىم بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئۆزىنى بىر قۇر جابدۇغاندىن كېيىن «كەچتە يىغىنىم بار» دەپ كېتىپ قالدى. ئايىمنىسا تەئەججۇپلىنىشكە باشلىدى: «نېمە تولا يىغىن ئۇ، شەنبە كۈنىمۇ ئاچامدىكىن؟ يا ساجىدەمنىڭ ئېيتقانلىرى راستىمدۇ؟» — توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە دەڭا! كۆڭلىگىزگە شەك چۈشتىمۇ، بولدى. مانا، ئەمدى قاچا ـ قۇچىلارنى داستىخانىنىڭ ئۈستىگە ئالدىراش تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۇيۇل ـ تويۇل تالاغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ، قويۇق سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئېرىق بويىدىكى يولنى بويلاپ تېز ـ تېز مېڭىپ، چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ، ئۇياندىن ـ

بۇيان يۇرۇشۇۋاتقان شالاڭ ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئۆز ئېرى تۇرسۇن ھاكىمنى ئىلغا قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئەجەب ئىش، ئادەتتە شۇنچە مۇلايىم ئۆتۈۋاتقان بىر ئايال ھەش - پەش دېگۈچە شۇنچە سەگەك، قورقماس بىر «رازۋېدكا جەڭچىسى» گە ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟ بىر ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئىزىغا چۈشكىنىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ! بۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقا كىممۇ مۇنداق ئىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ توۋا، ھايات دېگەن قىزىق - ھە! ھاكىم ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. «ئۇ، ھۆكۈمەتتە يىغىنىم بار دەۋاتاتتىغۇ؟ ئەمدى نەگە ماڭغاندۇ؟ يىغىن باشقا جايدىمۇ - يە؟» ئايىمنىسا ئاشۇنداق گادىرماش خىياللار ئىلكىدە ئۇنىڭ كەينىدىن كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى، گۈگۈم ئىلكىگە چۆككەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئاسفالت يول يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. دوقمۇشتىن قايرىلغان ئايىمنىسا ئىتتىك قەدەملەر بىلەن دوقمۇشقا كېلىپ، سول تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، ھاكىمنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ، تېڭىرقىغانىدى.

— خانىم، بۇ يەردە كىمگە ساقلايلا؟ — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ئايىمنىسا بۇتتەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ناتونۇش بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى — ھاكىمنى ئىزدەملا؟ ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشما قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى — ئوغۇل بالىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئايىمنىسانىڭ قاراڭغۇلاشقان كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ، رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدىراش مېڭىپ كەتتى. ئۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشما قورۇسىنىڭ يان ئىشىكى بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋىدى. زال ئىچىدىن كۈچەپ چېلىنغان سازلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. زالنىڭ كەينىدە ھېچقانداق ئادەم يوق ئىدى. ئۇ پەم بىلەن دەسسەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، دېرىزىدىن زال ئىچىگە قارىدى. تۇرسۇن ھاكىم ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ساپادا ئولتۇراتتى. ئىككى،

ئۈچ ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئاۋارە ئىدى. ھايال ئۆتمەي، زال ئىچىدە مۇزىكا ئاۋازى ئالماشتى. چىرايلىق كىيىنگەن بىر سەتەڭ ئايال ئۇدۇل ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، ئۇنى تانسىغا تارتتى. ھاكىمنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ، پىرقىراپ تانسا ئوينىشى بىلەن ئولتۇرغان جامائەتمۇ جۈپ ـ جۈپ بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. ھاكىم ئوڭ قولى بىلەن ھېلىقى سەتەڭنىڭ بىر تۇتام كېلىدىغان ئەۋرىشىم بېلىنى چىڭ تۇتتۇۋالغانىدى. مۇزىكا دولقۇنىغا ئەگىشىپ تانسا ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ئايىمنىسا «پاڭڭىدە» يىقىلىۋەتتى ـ دە، بۇقۇلدىغىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، كەلگەن يولى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر ھازا يىغلىدى. ئۆز ئەقىدىسىنىڭ شۇنچىلىك دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. بۇ ئاخشام، تۇرسۇن ھاكىم خېلى كەچ ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان ئەبجەش ئەتىر پۇرىقى، ئەتەي ئۇخلىغاندەك تۇسكە كىرىپ يېتىۋالغان ئايىمنىسانىڭ كۆڭلىنى سەسكەندۈرۈۋەتتى.

— بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈلپەتكە ھېچقانداق چارە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئايىمنىسا ئەتىسى سابىق ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى بىراقلا دەۋەتتى. شۇ دەم، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، ئاچا؟ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەي دېسەم، تېخى ئېغىز ئاچالمىسام، ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم يا. . . بالىلىرىمنىڭ يېتىم بولۇپ كېتىشىگە زادى چىدىمايمەن.

— ئەخمەق، چوكان، مۇشۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك قىلىش كېتەمدىكەن؟

— ئايىمنىساغا ئانا يوللۇق بۇ ئايال تەمكىن سۆز -

لەيتتى، — قىزىم، بۇ دېگەن سىز چوڭ بولۇپ ئۆسكەن سەھرا-
غا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ئېرىڭىز ناھىيىنىڭ
ھاكىمى. سىز بىلمەيسىز، ئېرىڭىز ھاكىم بولدىمۇ؟ ئۇ، ئارد-
لاشمايدىغان قايسى بىر ئىش بار دەيسىز؟ ناھىيىنىڭ چوڭ -
چوڭ قۇرۇلۇشلىرى، چوڭ يىغىنلىرى، ھەرقانداق چوڭ ئىش-
لىرى ھاكىمسىز ئۆتەمدۇ؟ بۇ يۇرتتا، خەقنىڭ يوتقان ئىچىدىكى
جېدىلىدىن باشلاپ تا مەركەزنىڭ پىلانلىرىنى يولغا قويۇشقىچە
قايسىبىرى ھاكىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگەن. راست گەپنى ئېيت-
سام، مەنمۇ ئاكىڭىز ھاكىم بولغان دەسلەپكى چاغلاردا سىزگە
ئوخشاش نۇرغۇن - نۇرغۇن دەردلەرنى تارتىپ كۆرگەن. سىز
تېخى ئۇلارنى كۆرمەيسىز. ھاكىم تانسا ئوينىسا نېمە بوپتۇ.
تانسا ئوينىغانغا ئۇنىڭ بىر يېرى كاملاپ قالامتىمۇ؟ سىزمىزە
خەق دەي - دەيگە سالسا، ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى چۈشەنمەي
تۇرۇپ، ئۆزىڭىزچە ئۇچۇپ كەتسىڭىزمۇ بولمايدۇ. سىز دېگەن
ھاكىمنىڭ خوتۇنى، ھازىر دېگەن نەۋاخ. كادىر دېگەن خەقچۇ،
قاراڭ، ئەللىكىنچى يىللارنىڭ ئاخىرى ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ
بېشىدىمۇ تانسا ئوينايتتى. ھازىر دېگەن ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا
تۇرسا، تانسا ئوينىمايتتىمۇ؟ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە سىزنىڭ ئېرىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسا،
شۇنىڭغىمۇ ھەيران قالغۇلۇقمۇ؟ ھاكىم ئاكىڭىز سەھرالىق توم-
پاي تۇرۇپمۇ تانسىنى مەندىن ياخشى ئوينايدۇ دەڭا!

— سىلىمۇ تانسا بىلەمدىلا؟ — ئەتىدىن بېرى ئۇستاز
ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىدەك، ئۇن - تىنسىز
تىڭشاپ ئولتۇرغان ئايمىنىسا ئاران دېگەندە زۇۋانغا كەلدى.

— بىلمەمتىكىن؟ — سابىق ھاكىمنىڭ خوتۇنى سېمىز
گەۋدىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ دېدى، — ئۇ چاغلاردا، مەن
دېگەن ھازىرقىدەك مۇنداق كالامپاي ئەمەس، شۇنداق چاققان،
قۇرغۇيدەك چوكان ئىدىم. تانسا بار دېدىمۇ، قاتنىشاتتىم - دە

مەيداندا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتىم. ئەمدى قېرىدىم، ماغدۇردىن كەتتىم، ھەتتەڭگەي!

— مۇنداق دېسىلە.

— شۇنداق. سىزمىچۇ، ئېرىڭىزنىڭ كەينىدە گەپ تېپىپ يۈرىدىغان ساجىدەكتەك نېمىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭ. ھە، قېنى چايغا بېقىڭ. ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ. سىزمۇ مەكتەپ كۆرگەن ھاكىم خېنىم بولغاندىكىن ۋاقىت چىقىرىپ تانسا ئۆگىنىڭ، ئېرىڭىزغا ياندىش بولسىڭىز، ھېچكىم ئۇنى سىزدىن تارتىۋالالمايدۇ.

— مەن تانسا ئۆگۈنەمدىمەن؟!

— ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھېچقانداق يامىنى يوق.

— ...

— بولمىسا، مۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ خاسىيەت قىز سىزگە تانسا ئۆگىتىپ قويسۇن، ھاكىم كاماندىروپكىغا كەتكەن ئەپچىل پەيتتىن پايدىلىنىپ، سىزگە شۇنداق ئۆگىتەيلىكى، ھاكىممۇ قايتىپ كەلگەندىكىن سىزنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالسۇن. قانداق، بولامدۇ؟ شۇنداق قىلايلى، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭلىڭىزنى بۇزۇپ، دەرد - ئەلەم چېكىپ يۈرمەڭ. يېڭىچە ئادەم دېگەن يېڭىچە ياشاشنى بىلىشى كېرەك. توغرىمۇ؟

— چۈشەندىم، ئايىمىنىسانىڭ غەشلىككە تولغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ھاكىمنىڭ بۇ مېھمانخانىسى تېخىمۇ ئىللىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەردىن تارتىپ تامدىكى سۈرەتلەرگىچە، بارلىقى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مانا، كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. تۇرسۇن ھاكىم يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تىيەنجىنگە ئۈچ ئايلىق ۋەزىپە بىلەن نۇقتىدا تۇرۇشقا كەتتى. ئايىمىنىسا ئېرىنى ئىنتايىن خۇشال - خۇرام ۋە قىيالماسلىق ئىچىدە ئۇزاتتى. تۇرسۇن

هاكىم كەتكەندىن كېيىن، سابىق هاكىمنىڭ قىزى خاسىيەت ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئايىمنىساغا تانسا ئۆگىتىشكە كىرىشتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئوقۇغان ئايال - دە، ئۇ ناهايىتى تېز ئۆگىنىۋېلىشقا باشلىدى. «ئەسلىدە تانسا دېگەن نەرسە ئۇنچىۋالا قىيىمۇ ئەمەسكەن، نومۇسچانلىقىمدىن ئۆگىنىشكە قىزىقمىغانكەنمەن - دە، قېنى، ئەمدى كۆرۈڭ تۇرسۇنجان، پىششىق ئۆگىنىپ، كەلگىنىڭىزدە كۆزىڭىزدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام، ئاتامنىڭ قىزى بولماي كېتەي، ئىلاهىم». ئايىمنىسا دائىم دېگۈدەك شۇنداق ئويلايتتى - دە، ئىختىيارسىز ئېرى بىلەن ئۆتكەن بەختلىك تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىرىگە چۆمۈپ كېتەتتى.

هايت - هۇيت دېگۈچە ئۈچ ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. تۇرسۇن هاكىم قايتىپ كېلىپلا خىزمەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى. ئايىمنىسا بولسا ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ پاك يۈرىكى بولغۇسى بىر «كارامەت» نىڭ «خاسىيىتى» دىن، گويا باهار پەسلىدە كۆكلەمدە چېپىپ يۈرگەن توشقاندەك ئويناقلايتتى.

شەنبە كۈنى كەچ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تانسا زالى، مۇشۇ ناهىيىدىكى تانسا هەۋەسكارلىرى بىلەن لىق تولغانىدى. چوڭ، ئازادە زال رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى سەهنىدە مۇزىكانتلار ئۆزلىرىنىڭ سازلىرىنى سازلاۋاتاتتى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق ۋە رەتلىك كىيىنگەن ئەر - ئايال مېهمانلار بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ، تام بويلىتىپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىشماقتا ئىدى. ئەرلەرنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىلىرى ئەستايىدىللىق بىلەن قىر چىقىرىلىپ دەزماللانغان بولسا، ساقال - بۇرۇتلىرىمۇ ئېلىنىپ، ئاياغلىرى پارقىرىتىپ مايلانغانىدى. خىلمۇخىل

كىيىنگەن ئاياللارنىڭ تۈرلۈك بوياقلار بىلەن بېزەلگەن چىرايلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى كاتتا بىر رەسسامغا ئوخشىتىسىز، ئۇلارنىڭ بەستىدىن گۇپۇلدەپ، دىمىغىڭىزغا ئۇرۇلۇۋاتقان ئەتىر پۇراقلىرىدىن ئۆزىڭىزنى گويا بىر گۈلزارلىققا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىڭىز. سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ ئالدىغا چاي شىرەسى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق ئىچىملىكلەر تىزىقلىق ئىدى. بۇ يەردە ناھىيىنىڭ «چوڭ» لىرى ئولتۇرۇشاتتى. تۇرسۇن ھاكىم يېنىدىكى سەپداشلىرىنىڭ ئۆزىگە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلماستىن، ئەتراپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ساھىبجاماللارغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تازا خۇش چاقچاق «تانسا خۇمار» بولۇشىغا قارىماي، بۇ يەرگە كېلىدىغان دائىملىق ساھىبجاماللارنىڭ ھەممىسى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ بولۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. يەنە كېلىپ، بۇ ساھىبجاماللارنىڭ ئىچىگە دائىم دېگۈدەك يېڭىدىن - يېڭى ساھىبجاماللار قوشۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ، شۇنچىلىك ئالدىراش تۇرسا، ھەركۈنى ئۈلپەت تېپىشقا نەدە ۋاقىت دەيسىز. پاھ! مۆجىزە يۈز بەردى. ھاكىم سەپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتقاندا، بۇ يەردە ھەقىقەتەن مۆجىزە يۈز بەردى: سابىق ھاكىمنىڭ قىزى خاسىيەت بىلەن بىر ئايال كىرىپ، زالنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش قالغان ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ھاكىمنىڭ كۆزى شۇ ھامان «يېڭى مېھمان» غا ئاغدى. «مېھمان» نىڭ كىيىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، بېشىغا ئارتىلغان ئاق رومال بىلەن ئىككىلا يۈزىنىڭ يېرىمىنى يۆگەپ بويىنىدىن چىگىۋالغانىدى. بۇرنىغا سۇس ھالرەڭ ماسكا تارتىۋالغان بولۇپ، كۆزىگە كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆز ئەينەك تاقىغانىدى. ئۈستىگە بولسا بەدىنىگە چاپلىشىپ

تۇرىدىغان ئۇزۇن، كەڭ ئىتەكلىك ئاق كۆڭلەك كىيگەنىدى. ئۇنىڭ كۆكسى ئالدىغا روشەن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، پۇتىغا ئەترەڭ پايپاق، ئىگىز پاشنىلىق ئاق بەتىنكە كىيىۋالغان بو-لۇپ، بۇگۇنكى سورۇندىكى بىردىنبىر «غەلىتە» كۆرۈنۈشلۈك ئايال ئىدى. يىراقتىن قارىغاندا، شۇ تاپتا ئۇ، بەجايىكى، گۇلگە قونغان ئاق كېپىنەككە ئوخشايتتى. بىراق ئەجەبلىنەرلىكى، سورۇندا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ، بۇ سورۇندىكى مېھمانلارنى مەنسىتمىگەندەك، ئۇن ـ تىنسىز مەغ-رۇر ئولتۇراتتى. تۇرسۇن ھاكىم ئۇنىڭغاقاراپ ئويغا چۆكتى: «دەسلەپتە شۇنىڭ بىلەن ئويناي، قېنى قەيەردىن كەلدىكىن؟ ئۇقۇپ باقمىسام. . . » رىياسەتچىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ خىيا-لى بۇزۇلدى. ئوركېستىر مۇزىكا ئورۇندىماقتا. ساكس، چاتما دۇمباق ۋە جاغنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى زالنى تىترەتمەكتە ئىدى. تۇرسۇن ھاكىم ئادەتنى بۇزۇپ، ئىككىلەنمەيلا بېرىپ، ئاۋۋال ئۆزى «كېپىنەك» نى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. «كېپە-نەك» مۇ تۇزۇتسىزلا ئورنىدىن تۇردى: «نېمىدېگەن قاملاشقان تانسىكەش بۇ، نېمانچە ئەپلىك بەدەن بۇ، تانسا دېگەننى سويىدى-كەن ـ دە، كاساپەت، ۋاھ! نېمىدېگەن يېنىك، ئەۋرىشىم بەدەن بۇ، نېمىدېگەن يېنىك قەدەم . . . خۇددى باغدا ئۇچقان كېپە-نەكنىڭ ئۆزى، ئوينىساڭ مۇشۇندىقى بىلەن ئوينا، ئارماندا قالمايسەن! » ھاكىمنىڭ كەيپى ئېچىلىپ كەتتى.

— سىز قەيەردىن؟ — . . .

— ناھىيىمىزگە قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— . . .

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

— . . .

تۇرسۇن ھاكىم شۇنچە كۆپ ئىشلارنى سورىغان بولسىمۇ

ئەمما، بۇ «كېپىنەك» بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى. مۇزىكا توختىدى. ئۇلار ئايرىلىشتى.

«نېمىدېگەن تەكەببۇر خوتۇن بۇ، تۇرسۇن ھاكىمنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى بۇ ناھىيىدە ھېچقانداق جاۋابسىز قالغان ئەمەس، ئەجەبا، بۇگۇن بۇ خوتۇن ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ئازمۇ پېسەنتىگە ئالمىدىغۇ؟ بولدىلا، بۇ نۆۋەت ئېنىقلىمىسام. . .» تۇرسۇن ھاكىمنى چۇشىنىكسىز خىيال قىينايتتى.

مۇزىكا باشلاندى. ھاكىم ھېلىقى «كېپىنەك» بىلەن بىللە يەنە تانسىغا چۈشتى. جىددىي ئەمما لەرزان ۋالىس ئۇسسۇلىنىڭ چۆرگىلەتمىسىگە كەلگەندە، بۇ ئىككىيلەن گويا بىر مەركەزدە ئايلانغان چاقپىلەكنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش پىرقىرايتتى. جامائەت بۇ، ئىككىيلەننىڭ كارامىتىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قېلىشتى.

— بۇ يۇرتتا تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— . . .

— سابىق ھاكىمنىڭ ئۆيىدە تۇرامسىز؟

— . . .

— قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟

— تۆت - بەش مەيدان تانسا شۇ تەرىزدە داۋاملاشتى. ھاكىم شۇ ئارىلىقتا باشقا ھېچقانداق ئايال بىلەن تانسا ئوينىمىدى. ئۇ، ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى - دە، يەنە ئويغا چۆكتى: «ئۆزىغۇ تازىمۇ كېلىشكەن نېمىكەن. ئەپسۇس، سۆزلىمىدى - دە، گاچىمىدۇ - يا؟ توغرا، گاچا ئوخشايدۇ. شۇنداق گۈزەل بىر ئايالنىڭ قاراپ تۇرۇپ گاچا بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. «سۆيى بارنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بارنىڭ سۆيى يوق» تەگشەلمىگەن ئالەم دېگەن شۇ - دە!»

مۇزىكا دېسكوغا يۆتكەلدى. ھاكىم ھېلىقى ئاق كىيىملىك

«كېپىنەك» كە قارىدى. ئۇ، كۆرۈنمەيتتى. ھاكىم سەۋرچاندلىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ تا سورۈن ئەھلى تارقىغۇچە ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ، ئاستا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:
شۇنچە بالدۇر كېتىپ، نەگە بارماقچىدىكىن، بۇ سەتەڭ.
تۇرسۇن ھاكىم ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئەينەك ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تاراۋاتقاندا، كۆزى ئۇشتۇمتۇت شىرە ئۈستىدە تۇرغان كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆزەينەككە چۈشتى. ئۇ، بىر پەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئىسىگە كېلىپ كۆز ئەينەكنى قولىغا ئالدى ۋە ئويلىدى: «شۇ، ئاخشامقى ‹كېپىنەك› تاقىغان كۆزەينەك مۇشۇ. ئۇ، قانداق بولۇپ بىزنىڭ ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالدۇ؟».
— ئايىمنىسا!
ئۇ، خوتۇنىنى چاقىردى، ئايىمنىسا ھايالسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.
— بۇ كۆزەينەك كىمنىڭ؟ — تۇرسۇن ھاكىم سورىدى.
— مېنىڭ، — ئايىمنىسا تەمكىن جاۋاب بەردى.
— سەنمۇ كۆزەينەك تاقامسەن؟
— ھەئە، مېنىڭمۇ باشقىلاردىن قالغۇچىلىكىم يوق.
— ئۇنداقتا بۇنى سەن قەيەرلەردە تاقاپ يۈردۈڭ؟
— تانسىدا.
— قاچان؟
— ئاخشام.
— قەيەردە؟
— سىز بارغان يەردە.
— تۇرسۇن ھاكىم ئايىمنىسانىڭ جاۋابىدىن ئويلىنىپ قالدى:

— ۋۆي، ئاخشامقى «كېپىنەك» سەنمىدىڭ؟
— شۇنداق.
— ھەي كاساپەت!
ئايمىنىسانىڭ كارامىتىنىڭ تېگىگە يەتكەن تۇرسۇن ھاكىم قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۆنى باغرىغا چىڭ باستى.

1998 ـ يىل خوتەن.

# نەسىللىك بۇقا

«يېزىلىق مال دوختۇرخانىسىنىڭ نەسىللىك چوڭ بۇقىسىنى ئۆلتۈرەرمىش، گۆشىنى ئىختىيارىي ساتارمىش» دېگەن خەۋەر بىر دەمنىڭ ئىچىدە بۇ كىچىككىنە تاغلىق يېزىنىڭ ھەممە يېرىگە تاراپ كەتتى.

— شۇنچە قىممەت باھالىق بۇقىنى ئۆلتۈرەمدىكەن؟

— ئۇنى چەت ئەلدىن ئەكەلگەن دەۋاتاتتىغۇ!

— شۇنداق، پويىزدا ئەكەپتىكەن.

— ياقەي، ئايروپىلاندا ئەكەلگەن دېيىشەتتى.

— راستتىنلا، يارامىلىق نەسىل ئىدى كاساپەت. مىنىڭ ئىنىكىم ئۇنىڭدىن ئىككىنى تۇغۇپ بەردى دېگىنە.

— كارىم نېمە، ئۇنىڭ گۆشىدىن ئىككى جىڭ ئېلىپ يېمەيدىغان بولسام.

— چەت ئەلنىڭ كالىلىرىنىڭ گۆشى باشقىچە دەيدۇ.

— بوش كەلمە!

— پۈتۈن يېزىدىكى چوڭ، كىچىك ھەممە ئادەم شۇ «خاسىيەت» لىك بىر تېما ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى.

## 1

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ھەسەنجان ئىشخانىسىدا ھې-

لىلا مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى مەتنىياز بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇراتتى. ئىشىكتىن ساناتورىيىنىڭ مەسئۇلى كىر-دى. ئۇ، يېزا باشلىقى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن نېرىقى ساپادا ئولتۇرۇۋېتىپ ئېيتتى:

— ئاڭلىسام، مال دوختۇرخانىنىڭ نەسىللىك بۇقىسىنى ئۆلتۈرەرمىش، ئۆزلىرى ئۈزاقتىن بۇيان ساناتورىيىمىزدىكى قېرى - چۆرىلەرگە باشپاناھ بولۇپ كەلدىلە. بۇ نۆۋەت يەنە ئۇنتۇپ قالماي، ئاشۇ بۇقىنىڭ گۆشىدىن ئازراق ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارلا، ئۇ ئىككى ئالىقىنىنى ئۇزلۇكسىز بىر - بىرىگە سۈركىگەن هالدا سۆزلەيتتى.

— باشقا گەپ بارمۇ؟ — يېزا باشلىقى ھەسەنجان ئېرەڭ-سىز سورىدى.

— ياق باشقا گېپىم يوق.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىڭ، ھە، ساناتورىيىنىڭ بۇ يىلقى پار ئۇسكۇنىلىرىنى بېكىتىش خىزمىتى-نى چىڭ تۇتۇڭ. كېتەرلىك راسخوت ئەمەلىيلەشتىمۇ؟

— ئەمەلىيلەشتى.

— ئوبدان بوپتۇ، خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئەۋەتكەن تېخ-نىكلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ، ئىش ئاقساپ قالمىسۇن!

ساناتورىيە مەسئۇلىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە يېزا بوغالتىرى-نىڭ خوتۇنى كىردى. ئۇ، يېزا باشلىقىغا قاراپ، بىرمۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئۇزاقتىن بېرى ئاغرىقتىن خالاس بولالمىدىم، يېقىندا تېۋىپقا كۆرۈنگەندىم. ئۇ ماڭا، سىزنى ھۆل ئىسسىق تۇتۇۋاپتۇ، ساغلام توپاقنىڭ گۆشى بىلەن قاتتىپەر، چىلان، ئالىقات قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ شورپا قىلىپ يېسىڭىز سا-قىيىسىز دېگەندى. جېنىم شاڭجاڭ، ئاشۇ بۇقىنىڭ گۆشىدىن

ماڭمۇ ئاززاق ساتقۇزۇپ بەرگەن بولسىلا، مەنمۇ سىلىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالماستىم. خۇش بولاي، شاڭجاڭ، ماڭا ئاززاق ساتقۇزۇپ بەرسىلە. بۇ بىمەنە بىلجىرلاشلاردىن يېزا باشلىقىنىڭ كەيپى تازا ئۇچقان بولسىمۇ، ئەمما، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى.

— بۇ، ئىشتىن مېنىڭ تازا خەۋىرىم يوق، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، ھازىرچە كېتىپ تۇرۇڭ - ھە! ئۇ بۇ كوت - كوتۇندىن بۇرۇنلا بىزارلىق ھېس قىلغانىدى. يېزا باشلىقىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ساز ئەمەسلىكىنى تۇيغان ھېلىقى ئايال يەنە بىرمۇنچە يېلىنغاندىن كېيىن، دۇغدايغىنىچە ئاستا چىقىپ كەتتى. يېزا باشلىقى ئويغا چۆكتى: بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ۋىلايەت بۇ تاغلىق يېزىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، دۆلەت چەتئەلدىن كىرگۈزۈپ، ۋىلايەتكە ياردەم بەرگەن ساپ نەسىللىك بۇقىلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ، مۇكاپات سۈپىتىدە يېزىغا مۇشۇ بۇقىنى بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ۋىلايەتتىن كەلگەن تېخنىكلارمۇ ئۇنىڭ بېقىش، باشقۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر قاتار ئالاھىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىۋىدى، ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يەرلىك كالىلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، ئاز پۇللۇق نەرسە بولمىسا، ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق پۇل دەڭا! ئەمدى كېلىپ، ئۇ راستتىن ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ يېزىدىمىزنىڭ مۇشۇ تېخنىك دېگەن نېمىلىرىمۇزە، تۈزۈكرەك بىر نەرسىنى بىلىشمىگەن ھالىغا، تېخى بىز تېخنىك دەپ يۈرۈشىدۇ. راست ، بۇ تاغلىق يېزىغا شۇلاردىن باشقا يەنە كىملەر كېلىپ ئىشلەيدۇ دەيسىز! — ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولاتتى.

ئۇ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن خىيالدىن سەگەكلەش-

تى ۋە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ كوچەپ - كوچەپ بۇراشقا باشلىدى.

## 2

يېزا بازىرىنىڭ شىمال دوقمۇشىغا ئۇدۇللاپ سېلىنغان ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ھەدەپ ئوغلىغا كايىۋاتاتتى. ئاشخانىدا تېخىچە بىرمۇ خېرىدار يوق ئىدى.

— سەن ھارامزادە، شۇ چاغقىچە لاغايلاپ يۈرۈۋاتامسەن؟ ساڭا، كۆكتاتلارنى ئەكېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۇت قاسساپ-نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىر قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ كەل، دېمىگەنمىدىم؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن، مەن بايا . . . — خوجايىن-نىڭ ئوغلى دۇكان ئىشىكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ كەتتى.

— نېمە دۇدۇقلايسەن، كېكەچ بولۇپ قالدىڭمۇ، يا؟ ئوغۇل بالىدەك شارت - شۇرت گەپ قىلالامسەن؟ ئۆلۈمتۈك لەقۋا! خوجايىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ھۆرپەيدى. ئۇ، ھەد-دىن زىيادە سېمىز ئادەم بولۇپ، ھەر بىر قەدەم ئالغاندا، پۈتۈن گەۋدىسى لۆمشۈپ - لۆمشۈپ ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلات-تى.

— بايا كوپىراتىپنىڭ دۇكىنىغا كىرگەنىدىم. بىرىدىن مال دوختۇرخانىسىنىڭ ھېلىقى بۇقىسىنى ئۆلتۈرگىدەك دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم، شۇ . . .

— نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسەن؟ — خوجايىن شۇ ھامان ئارقىسىغا يېنىپ، ئاران - ئاران مېڭىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى — بۇمۇ ياخشى بولغىنى، ئوبدان گەپ ئاڭلاپسەن.

ئەمدى مۇنداق قىل! — ئۇنىڭ مۇئامىلىسى سىپايىلەشتى.
ئوغۇل دادىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.
— قانداق قىل دەيسىز، دادا؟
— مۇنداق قىل، ئوغلۇم، — خوجايىن ئوغلىنىڭ مۇردىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتتى، — سەن دەرھال مال دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، مەتنىياز ئاكاڭغا ئېيت، بۇقىنىڭ بىر پۇتىنى بىزگە پۈتۈن ئېلىپ قويسۇن!
— نېمە، بىر پۇتىنى دېدىڭىزمۇ؟
— ھەئە شۇنداق بىر پۇتىنى ئېلىپ قويسۇن!
— كوچىدا ئۇچرىغانلا ئادەم ئاشۇ بۇقىنىڭ گۆشىدىن ئالساق بولاتتى دەپ يۈرۈشىدۇ، مەتنىياز ئاكام ئۇنچىلىك بېرەلەمسىمىكىن؟
— ھەي سېلىـــم، ھەي سېلىـــم، قاچانغىچە ئادەم بولمايسەن - ھە! دۆت ئېشەك. مەتنىياز دېگەن ئاناڭنىڭ ئۇكىسى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پونكىتنىڭ باشلىقى تۇرسا، بەرمەي قالارمۇ؟ ماڭ، چاققان بول! ئۇ، خۇددى سوقۇشقا تەييار بولغان خورازدەك تىپىرلاپ، ئىككى قولىنى يوتىسىغا ئۇرۇپ، پالاقلىتىپ قويدى.
— ماقۇل ھازىر باراي.
— توختا! ماۋۇ يۈز كوينى ئېلىۋال، ئالدىن تۆلەپ تىزىملىتىپ قوي - ھە! بەرمەي قالمىسۇن، ئېنىق ئېيت!
ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرغان يەتتە - سەككىز ئادەم گاھ خوجايىنىنىڭ قىياپىتىگە، گاھ ئۇنىڭ ئوغلى يۈگۈرۈپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى.

## 3

يېزا كاتىپىنىڭ يېزىق ئۈستىلىدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى.

چوڭ بىر پارچە قەغەزگە سىزىلغان جەدۋەللەردىكى سانلىق مەلۇ-ماتلارنى ھېسابلاپ ئولتۇرغان زەنگى چىراي، ئورۇقلۇقىدىن ئېڭەك سۆڭەكلىرى روشەن تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان، ئورا كۆز مۇسا كاتىپ تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، سىز كىم؟

— مەن، ھېيت ھاكىم، ئا شۇجى بارمۇ؟ — تېلېفوندىن چىقىۋاتقان ئاۋاز جاراڭلىق ئىدى.

— ھە ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا، ھاكىم؟ ئا شۇجى خىزمەت تەكشۈرۈپ ، بويناق كەنتىگە كەتكەنىدى. كاتىپنىڭ قىياپىتى بىردىنلا ئۆزگەردى ۋە ئولتۇرغان ئورنىدىن قانداقلارچە تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى.

— مۇسا كاتىپمۇ سىز؟

— شۇنداق، ھاكىم، مەن مۇسا كاتىپ، نېمە تاپشۇرۇق-لىرى باركىن؟

— باشقا جىق ئىشمۇ يوق، مۇنداق ئىش ئىدى ئۇكام، ئا شۇجىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قويارسىز، تېلېفوندىكى ئاۋاز سەل ئۇزۇلۇپ، ئاندىن يەنە جاراڭلىدى: ئۆگۈنلۈككە بىزنىڭ تۇرغۇن-جاننىڭ توينى قىلماقچى ئىدىم. سىلەرنىڭ يېزىغا تارقىتىلىدى-غان باغاقنى ھېلىلا بىردىن چىقارتتىم. ئا شۇجىغا ئېيتىپ قويۇڭ، باغاق تەگكەن ھامان مېھمانلارغا قالدۇرماي تارقىتىپ بەرسۇن! سىزمۇ كېلىڭ، كەلمەي قالماڭ - ھە! يەنە بىر گەپ، قاراڭ ئاڭلىسام، سىلەرنىڭ يېزىدىكى ھېلىقى نەسىللىك بۇقىنى ئۆلتۈرەرمىش، ئا شۇجىغا ئۇنتۇپ قالماي ئېيتىپ قو-يۇڭ، ماڭا ئەتىلا بىر پۇت گۆش كىرگۈزسۇن! تويدا ئىشلەت-مەكچىمەن. ھە، سىلىنىڭ يېزىنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا يەتكۈ-زۈپ بەرسۇن! ئۇقتىڭىزمۇ؟ ھە، ئوبدان بولدى، ئۇنتۇپ قال-ماڭ! مېنىڭ يەنە تېلېفون بېرىشكە ۋاقتىم يوق. ئاڭلىدىڭىز-مۇ؟

— ئاڭلىدىم هاكىم، جەزمەن ئەينەن يەتكۈزىمەن، خاتىرجەم بولغايلا! — جىددىيلەشكەنلىكىدىن مۇسا كاتىپنىڭ قورۇق باسقان چېكىسىدىن تەر تامچىلىرى تەپچىپ چىققانىدى. ئۇ، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويۇپ، هاكىمنىڭ بايا تېلېفوندا ئېيتقانلىرىنى بىر پارچە قەغەزگە قىسقىچە يېزىۋالدى - دە، گېزىت قەغىزىگە موخۇركا ئوراشقا كىرىشتى.

مۇسا كاتىپ تاماكا چەككەچ باياتىنقى سانلىق مەلۇماتلارنى يەنە جەملەشكە تۇتۇندى، شۇ ئاندا، سىرتتىن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. كاتىپ ئۇلارنىڭ ئۇزاتقان خەتلىرىنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر تەپسىلىي سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ئۈستىگە نېمىلەرنىدۇر سىجاپ، تامغا بېسىپ، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئىككى كىشى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. مۇسا كاتىپ تاماكىسىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقىنى كۈچەپ بىر شورىغاندىن كېيىن ئالدىدىكى كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى هېسابلاشقا باشلىدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي سىز كىم؟

— مەن ناهىيىلىك هۆكۈمەت ئىشخانىسى — تېلېفوندىكى ئاۋاز كۈچلۈك ئىدى.

— هە، نېمە گەپ، قېنى دەڭ! — مۇسا كاتىپ قەغەز، قەلەم ئېلىپ، يېزىشقا تەرەددۇتلاندى، هە، دەڭا!

— ئەتە ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسىدىن كەلگەن مېهمانلار سىلەرنىڭ يېزىغا چىقىدۇ. ئاساسلىقى، تاغلىق رايوندىكى دېهقانلارنىڭ سېلىقى مەسىلىسىنى تەكشۈرىدۇ. ناهىيىدىن ئەركىن هاكىم بىللە چىقىدۇ. ئىككى كۈن تۇرىدۇ. يېزا باشلىقلىرىغا ئېيتىپ قويۇڭ، تەييارلىق قىلىپ قويسۇن! مېهمانلارنىڭ ياتاق، تاماقلىرىنى ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرسۇن! ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، — مۇسا كاتىپ ئېرەڭشىمىگەن ھالدا تېلې-
فون تۇرۇپكىسىنى جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇ، بىر ھازادىن
كېيىن ئالدىدىكى شىرەنىڭ يان سىرتمىسىدىن ئۆتكەن يىلى
تەييارلانغان دېھقانلارنىڭ سىلىقىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى
دوكلاتىنى ئالدى - دە، يېنىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۈستىگە
تاشلاپ قويۇپ، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەسلىدىكى سانلىق
مەلۇماتلارنى ھېسابلاشقا تۇتۇش قىلدى.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى، مۇسا كاتىپ تېلېفون تۇرۇپكى-
سىنى ئاستا قولىغا ئالدى. بۇ قېتىمقى تېلېفون يېزىلىق ھۆكۈ-
مەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ تيەنيۈيدىن كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ بوگۈن باغۇەنچىلىك مەيدانىدىن كەچرەك قايتىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن كاتىپقا تاپىلىدى:

— مۇسا سەن ئۆزۈڭ بېرىپ، ھېلىقى بۇقىنىڭ زەكىرى
بىلەن قېرىنىنى ماڭا ئېلىپ قوي! مەتنىيازغا مېنى دېدى دەپ
ئېيتقىن - ھە! يەنە بۇقىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېلۋېلىشنى ئۇنتۇپ
قالما! ئېنىق ئۇققانسەن؟ ئەتە كەچ بىزنىڭ ئۆيدە ھاراق ئىچى-
مىز. مۇسا تۇرۇپكىنى جايىغا قويدى. ئۇ، مۇئاۋىن يېزا باشلى-
قىنىڭ ئۆيدىكى بولغۇسى مەيخورلۇقنىڭ خۇشاللىقىدىن دەرھال
مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى مەتنىيازغا تېلېفون بېرىۋەتتى.

ئۇ، يەنە سانلىق مەلۇماتلارنى جەملەشكە كىرىشتى.

## 4

ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ بۇ يېزىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى
ھاشىم ئالدىراش كېتىۋېتىپ، ياغاچچىلىق كارخانىسىنىڭ ئالدى-
دا، كونا دوستى قادىر تېرىچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى
دوست بىر - بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ كۆرۈشكەندىن
كېيىن ئۆزئارا ئەھۋال سوراشتى.

— ھاشىم، ئالدىراشتەك كۆرۈنىسەن، سەپەر قاياققا؟
— مال دوختۇرخانىسىغا، ئاداش.
— مال دوختۇرخانىسىدا نېمە ئىش قىلىسەن؟
— ھەي، ئاداش، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بۇگۈن ئۇلار ھېلىقى نەسىللىك بۇقىسىنى ئۆلتۈرەرمىش. شۇڭا مېڭىشىم.
— گۆش ئالامسەن؟
— ياقەي.
— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ سەن بىلەن نېمە ئىشى؟
— سەن بىلمەيسەن، باشقا مۇھىم بىر نەرسىنىڭ كويىدا كېتىۋاتىمەن.
— قانداق مۇھىم نەرسە ئۇ؟
— دېڭىزمىيا، ئاداش دېڭىزمىيا.
— نېمە قىلىدىغان نېمە ئۇ، دېگىزمىيا دېگىنىڭ؟
— شۇڭىمۇ تېرىچى ـ دە سەن، ئاداش. دېڭىزمىيا دېگەن ئىنتايىن قىممەت باھالىق دورا. ئۇ كالىنىڭ ئۆت خالتىسىدا بولىدىغان تاش. لېكىن، ئۇ ئادەتتىكى كالىلاردا ئۇچرىمايدۇ. ھېلىقىدەك ، ئالاھىدە بېقىلغان نەسىللىك كالىلاردا بولىدۇ. قارا، ئۇ دېگەن مېدىتسىنانىڭ گۆھىرى. يۈرەك كېسىلى دەمسەن، قان كېسىلى دەمسەن، نېرۋا كېسىلى دەمسەن، يۇقۇملۇق قىزىتما دەمسەن، ئىشقىلىپ نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپاھ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ . . .
— بولدى، بولدى. ۋالاقلاپلا كەتتىڭغۇ. نەق گەپنى دېگەنە، ئۇ نېمەڭ، پۇلغا يارامدۇ؟
— ھەببەللى، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، پۇلنى دېسەم مۇنچە پالاقلاپ نېمە قىلاتتىم.
— ھەي، سەن ئىلگىرى ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى سېتىۋېلىپ يۈرەتتىڭغۇ؟
— شۇنداق، ھازىر نېمە پۇلغا يارىسا شۇنىڭ پېيىدە

يۇرىدىغان گەپ.

ئىككىيلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى. ھاشىم قادىر تېرىچىدىن سورىدى:

— سەن بۇ يەردە تۇرۇپسەنغۇ؟

— يىراقتىن سىنى كۆرۈپ، ساقلاپ تۇرغانتىم.

— نېمە ئىش بىلەن چىقىشىڭ؟

— ساڭا ئوخشاش.

— نېمە دېدىڭ؟

— مەنمۇ مال دوختۇرخانىسىغا ماڭغانتىم.

— گۆش ئالامتىڭ؟

— يوقسۇ، ھېلىقى بۇقىنىڭ تېرىسىنى دەپچۇ.

— بارىكاللا، ھەقىقەتەن زېرەك سودىگەر جۇمۇ سەن قادىر، يارايسەن، — ھاشىم، — شۇنداق دېدى ۋە قادىر تېرىچىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

ئىككى دوست تېرەكلىك چوڭ يولدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، مال دوختۇرخانىسى جايلاشقان كوچىغا قاراپ تېز - تېز مېڭىپ كېتىشتى.

## 5

سايغا قاراپ سوزۇلغان ئاسفالت يولدىن ئۇچقاندەك تېز سۇرئەتتە كېلىۋاتقان كۆك كرېست بەلگىلىك سەككىز كىشىلىك ماشىنا يېزا بازىرىنىڭ مەركىزىي دوقمۇشىدىن شەرققە ئەگىپ، ئۇدۇل مال دوختۇرخانىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بەش - ئالتە ئاق خالاتلىق كىشى چۇشۇپ، ساندۇق - سومكىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يىغىلىۋالغان مىغ - مىغ كىشىلەر توپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئالدىراش ئامبۇلاتورىيە، لابۇ- راتورىيە، دورىخانا بۆلۈملىرىگە كىرىپ كېتىشتى. بۇ كىشىلەر

تولىمۇ جىددىي كۆرۈنەتتى.

يېزا باشلىقى ھەسەنجان كېلىپ، ئامبۇلاتورىيىدە تۇرغان ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇقەييۇم بىلەن كۆرۈشتى. ئابدۇقەييۇم ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن ناھىيىلىك مال دوختۇرخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كېتەرلىك دورا ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ، دەرھال يولغا چىققانلىقىنى ئېيتتى. يېڭىدىن كەلگەن دوختۇرلار بۇقىنىڭ كېسەلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈۋاتاتتى. لابۇرانتلار بۇقىنىڭ قۇلاق ئۇچىدىن قان ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. دورىخانىدىن بىر دوختۇر كىچىك چايدانچىلىك ئاسما ئوكۇل شىشىنى ئېلىپ چىقىپ ئوكۇل جازىسىغا ئىلدى ۋە شىلانكىا ئۇچىدىكى يىڭنىنى سۇغىرىۋېلىپ، بۇقىنىڭ بويۇن تومۇرىغا بىرلا سانجىپ قان ئالدى. ئۇ، ئاسما ئوكۇل شىلانكىسىدىكى ھاۋا كۆپۈكچىلەرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇچىنى ھېلىقى قان تامچىلاپ تۇرغان يىڭنىگە ئۇلاپ قويدى. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى شىلانكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەك نەيچە ئىچىدە نورمال تامچىلاپ تۇراتتى. تۆمۈر دار ئىچىدىكى ئاق قاشقىلىق، توپتەك سەمرىگەن گومۇش قىزىل بۇقا ئۇمچىيىپ ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ئۇ، دارنىڭ يان لىمىغا يەلكە ۋە كۆكرەك قىسمىدىن دار تاسمىسى بىلەن تېڭىپ قويۇلغانىدى. ھەر قانداق ئادەم بىر قاراپلا ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنەتتى. ئۇنىڭ ئاق قاشقىلىق بېشى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، مۈڭگۈزلىرى قىسقا، قىزغۇچ جىيەكلىك كۆزلىرى تومپىيىپ تۇراتتى. كەڭ دۈمبىسى تۈز، تەكشى ئۆسكەن بولۇپ، تۇخۇم قويساڭ توختىغۇدەك ئىدى. ئۇنىڭ يارىشىملىق ئالا قۇيرۇقى تىپتىنچ تاشلىنىپ تۇراتتى. كەڭ تۇياقلىق بوغماق - بوغماق ئاياغلىرى يەرگە مەھكەم چاپلاشقانىدى. ۋاقىت بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرلار توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشاتتى. ئالاھەزەل، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باش دوختۇر ئابدۇكېرىم چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ سالماق-

لىق بىلەن ئېيتتى.
— بۇقا خەتەردىن ئۆتتۈپ كەتتى. ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ.
— قانداق كېسەل بىلەن ئاغرىغان ئىكەن؟ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى ھەسەنجان.
— چوڭ قېرىنغا ئۇزۇق تىقىلىپتۇ. ھېلىمۇ جىددىي خەۋەر قىلغانىكەنسىز. بىز بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتۇق.
— شۇنداق، — دېدى ئابدۇقەييۇم — شۇنچىۋالا قىممەت باھالىق بۇقا ئۆلۈپ كەتسە، ئاز زىيان بولاتتىمۇ؟
— توغرا، — دېدى ھەسەنجان، — ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ، يېزىمىزدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا ئاز نەپ بەرمىدى دەڭا. ناۋادا، ئۇ، ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يېزىمىز نەسلىچىلىكتە يەنە بۇرۇنقىدەك ئاق قالاتتى.
— ئەمدى، بىزنىڭ مۇنداق ساپ نەسىللىك بۇقا سېتىۋېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دەڭا! ھازىر، نەدىمۇ ئۇنچىلىك پۇل بار دەيسىز! — ئابدۇقەييۇم يېنىدىكى ئىككى ھەمرىيىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېيتتى، — دوختۇر ئابدۇكېرىم، بىخەستەلىك قىلماڭلار! داۋاملىق ئىنچىكە كۆزىتىپ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.
— خاتىرجەم بولۇڭ ئىدارە باشلىقى، كېسەل ئېنىقلاندى. ئەمدى دوختۇرلار نۆۋەت بىلەن دىجورنىلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن — ئابدۇكېرىم دوختۇر قەتئىيلىك بىلەن ئېيتتى. ھەسەنجان ئابدۇكېرىمدىن سورىدى:
— قىيىنچىلىق بارمۇ، دوختۇر؟ — تارتىنماي دەۋېرىڭ!
— بۇ يېزىدا توك ئانچە مۇقىم ئەمەس، شۇڭا مۇشۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىمىزغا ياردەم قىلغان بولسىڭىز؟ كېچىچە دىجورنىلىق قىلماقچىمىز، باشقا قىيىنچىلىق يوق.
— بولىدۇ، بىر كىچىك گېنېراتورىمىز بار، بىزنىڭ ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. ھازىرلا بېرىپ سىلەرگە ئەۋەتەي، ھە

راست، سىلەرنىڭ ياتاق، تامىقىڭلارنى يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

— رەھمەت سىزگە. بۇگۇن كېچە ھېچكىمنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىپ كېتىشىگە بولمايدۇ. ئەتە، ئاندىن بىر نېمە دېيىشكىنىمىز تۈزۈك بولار.

— ماقۇل ئەمىسە، كەچتە مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە. يېزا باشلىقى ھەسەنجان كېتىپ قالدى. مال دوختۇرلىرىنىڭ خىزمىتى جىددىي داۋاملىشىۋاتاتتى.

## 6

ئەتىسى ئەتىگەن يېزىلىق مال دوختۇرخانىسىنىڭ نەسىللىك بۇقىسىنىڭ ساقىيىپ، ئەسلىگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ كىچىككىنە تاغلىق يېزىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تاراپ كەتتى.

بازارنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاشخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر پېشقەدەم دېھقان يېنىدىكى ھەمراھىدىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زەردە بىلەن تولۇلىۋەتتى:

— بۇقىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشنىڭ كويىغا چۈشكۈچە، بىز خەقلەرنىڭ گۆشىنى شىلىپ يېسەڭلەرچۇ تۈزكور ئەبلەخلەر!

تاغلىق يېزىدىكى نەسىللىك بۇقا ئۆلۈمىنىڭ ۋەسۋەسىدىن كۆتۈرۈلگەن بىردەملىك ساراسىمە قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىپتىنچلا يوقىلىپ كەتتى.

1998 - يىل 12 - ئاي، خوتەن.

# ئۆكتەملىك

كەچلىك سورۇن «كائىنات» رېستورانىنىڭ ئالاھىدە بېزەلگەن ئايرىم بۆلمىسىدە تۇزۇلدى. زىياپەت شىرەسىنىڭ ئۇستىگە تىزىلغان فار- فۇر لوڭقىدىكى دەستە گۇللەر، چىنە - تەخسىلەر، ئىستاكان - قەدەھلەر، كۇلدانلار، ماھارەت بىلەن تەييارلانغان سوغۇق سەيلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. مۇلازىملارنىڭ كۆڭۇل قويۇپ ئەپچىللىك بىلەن تەييارلىشى نەتىجىسىدە، بۇ يەردە مېھمانلارغا تەئەللۇق ھەممە نەرسە كۆڭۇلدىكىدەك تەقلەندى. پەقەت مېھمانلار تېخىچە يېتىپ كېلىشمىگەنىدى. ساھىبخان — «لىچىنتاۋ» چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ باشلىقى ھاتەم بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى گۇلپەرىدە ئىشىك تۇۋىدە مېھمانلارنى تەقەززالىق بىلەن كۇتۇۋاتاتتى.

ۋاقىت ۋەدە قىلىشقان مۆھلەتتىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن مېھمانلار كېلىشتى. ساھىبخان ئۇلارنى كۆپ تەكەللۇپ - تەۋەززۇلار بىلەن ئالدىن تەييارلانغان بۆلمىگە باشلىدى. مۇلازىم قىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانلارغا چاي قۇيدى. باش مېھماننىڭ تەشەببۇسى بىلەن گۇلپەرىدەدىن باشقا ھەممەيلەن تاماكىلىرىغا ئوت تۇتاشتۇردى.

— تۇرغۇنجاننى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشمۇ ئاسانغا چۇشمىدى، — گەپ باشلىدى چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ باشلىقى ھاتەم، — بۇگۇن قەدىناس ئاغىندارچىلىقى-

مىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بىللە ئولتۇرساق دېگەنىدىم. كەل-
گىنىڭلارغا رەھمەت. سورۇن لايىقىڭلاردا بولمىسىمۇ بىزنىڭ
كۆڭلىمىز، قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭلار.

— كايىپىسىز، فىرما باشلىقى، بۇنچىلىك جۇۋاپ كەت-
مىسىڭىزمۇ بولاتتى، — باش مېھمان تۇرغۇن ھاتەمگە جاۋابەن
ئېيتتى — چاقىرىلغانىكەنمىز تۇزۇت قىلمايمىزدە، شۇنداقمۇ؟
كەلگەنىكەنمىز، كەچۇرۇڭ، يەيمىز، ئىچىمىز، ئوينايمىز. پۇر-
سەت دېگەن ئادەمگە ئاسان كېلىدۇ دەمسىز؟ بۇمۇ بىزدەك قەدى-
ناسلارغا نىسبەتەن بىر غەنىيمەت پۇرسەت دەڭا! كۇلكە بىلەن
تەڭ ئېچىلىپ كەتكەن تۇرغۇننىڭ ئېغىزىدىكى ئالتۇن چىشلىرى
چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ تەڭلا
كۇلۇشتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ھاتەم دىقماق گەۋدىسىنى
سەل كۆتۈرۈپ، قېنى ئۇنداقتا قورۇملارغا مەرھەمەت، ھە
گۇلپەرىدە، قەدەھلەرگە ھاراق قۇيۇڭ، توشقۇزۇپ، توشقۇزۇپ
قۇيۇڭ - ھە، يۇرەك چىلاشقۇدەك بولسۇن!

— ئۇستىگە ئاق كوپتا، قىزىل يوپكا كىيگەن، بوينىغا
گاز ياغلىق چىگىۋالغان، زىلۋا بويلۇق، قارا كۆز، ئەگىم قاش،
بۇدۇر چاچلىق قىز گۇلپەرىدە قەدەھلەرگە ھاراق قۇيدى. ئەسلى-
دە رېستورانلاردا ھاراق قۇيۇش مۇلازىم قىزلارنىڭ ئىشى بولسى-
مۇ، ئەمما بۇگۇن ساھىبخانىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن گۇلپەرىدە
ساقىلىقنى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. مېھمانلار قەدەھلى-
رىنى شىرەگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ قويۇپ تۇزۇتسىزلا ئىچىۋې-
تىشتى. ئاپئاق چوكىلار سەي تەخسىلىرىنىڭ ئۇستىدە ھەرىكەت-
لىنىشكە باشلىدى. تۇرمۇش دېگەن شۇنداق نەرسە، كىشىلەر
يېيىش، ئىچىش ئۇچۇن بىر يەرگە جەم بولدىمۇ، سورۇن كۇلكە -
چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ، ھازىرمۇ، ھاراق قىزىتمىسىنىڭ تەسىرى-
دىن ھەممەيلەن ھاياسىز، يۇمۇرلۇق چاقچاقلارغا تۇتۇندى.

— تۇرغۇنجان، يېقىندىن بۇيانقى تىجارىتىڭىز ئوبدان كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ ھاتەم يۈزىدىكى تەرنى قولياغلىق بىلەن سۈر-تىۋېتىپ سورىدى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ ئۇلاشما قاشلىرى ئاستىدى-كى يوغان كۆزلىرى تۇرغۇنغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— نېمىسىنى دەيسىز، — دېدى تۇرغۇن، بارماقلىرىغا قاتارىسىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان سول قولىدىكى يەلپۈگۈچنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلىغان ھالدا: سودىغۇ يامان ئەمەس، بىراق، بازار تازا كۆ-ڭۈلدىكىدەك بولماۋاتىدۇ دەڭا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كەمدە خەقلەرگە نېمە بولدىكىن - تاڭ، سودا پۇتكەندىن كېيىن بېرىش-كە تېگىشلىك پۇلنىمۇ بېرىشمەيۋاتىدۇ. ھېلى ئۇنداق دېگەن، ھېلى مۇنداق دېگەن، يالغاننىلا سۆزلىشىدۇ. يېقىندىن بۇيان ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مىليوندىن ئارتۇق پۇلۇمنىمۇ ئالالمايۋا-تىمەن ئەمەسمۇ؟ — ئۇ يەلكىسىگە قويۇۋېتىپ ئۆستۈرۈلگەن چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى. شىرەگە قىزىق سەيلەر قويۇلدى.

— شۇنداقتىمۇ تاپاۋىتىڭىز يامان ئەمەستۇ؟

— مېنى ئوبدان بىلىسىزغۇ، مەن دېگەن تاپاۋەت بولمىسا سودا قىلىپ يۈرىدىغان ئادەممۇ؟ ئىشقىلىپ زىيان تارتمايمەن - دە!

— تۇرغۇن ئاكام دېگەن زىيان تېگىدىغان سودىنى قىلىدى-غان ئادەم ئەمەس، — تۇرغۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىنچىكە بۇرۇتلۇق يىگىت سۆز قاتتى.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، تۇرغۇن ئۇنىڭغا ھومايدى، يېيىشىڭنى يەپ، ئىچىشىڭنى ئىچىپ جىم ئولتۇر، سۆزگە ئارىلاشماي. كىم سېنى مېنىڭ گېپىمگە قوشۇق سالسۇن دەپ - تۇ، — شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يىگىت جىم بولدى.

— ئۇنداقتا ھازىر قانداق تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىد-ۋاتىسىز، — ھاتەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قېنى گول-

پەرىدە، قەدەھلەرگە قاراڭ.

— ھەممە تىجارەتنى قىلىمەن، — تۇرغۇن سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئالدىنقى مەزگىللەردە ساپلا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىدىم، يېقىندىن بېرى، مۇنداق چىشنىڭ كاۋىكىغا مەلھەم بولمايدىغان تىجارەتتىن ۋاز كەچتىم، ئەمدى چوڭ - چوڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن.

— ھېلىمۇ قوي يۈڭى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتامسىز؟ — ھاتەم قولىدىكى قەدەھنى كۆپچىلىك بىلەن بىرمۇ - بىر سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئەتەي سورىدى.

— ئۇنىمۇ تاشلىدىم، — خوتەننىڭ ياڭىقى دەمسىز، ئىشقىلىپ، قولۇمغا پۇل كىرىدىغان سودا بولسا ھەممىنى قىلىمەن. فىرمىڭىزغا ماشىنا ئالىدىغان ئىش بولسا مانا مېنى ئىزدەڭ، سىزنى ھەرگىز كۆيدۈرمەيمەن.

— تۇرغۇننىڭ باشنى ئايلاندۇرىدىغان بۇ سۆزلىرىدىن، ھاتەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل قورۇنۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

— تۇرغۇنجان، سىزنىڭ تىجارەت ئەھۋالىڭىزمۇ يامان ئەمەس ئىكەن، ئۇنداقتا فىرمىمىزنىڭ ھېلىقى ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلىنىمۇ بېرىۋېتىشىڭىزدە مەسىلە يوقتەك قىلىدۇ. بۇ دورەم بېرىۋېتەرسىز - ھە!

— شۇنداقمۇ؟ چاتاق يوق، — تۇرغۇن چوڭچىلىق بىلەن دېدى، — سىزدىن قوي يۈڭى ئالغىنىمغا بەش يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۇلىنى خېلى بۇرۇنلا قايتۇرۇش نىيىتىم بار ئىدى. ئەپسۇسكى، قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقىلاردىن ئېلىشىمنى ئالالمىدىم، سىزنى كۆپ ماڭدۇرۇپ قويدۇم، ئەسلى مۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. رەنجىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، پۇلىڭىزنى ئەمدى

تولۇق قايتۇرىمەن.
— سىزگە رەھمەت.
— ئېمىگە رەھمەت ئېيتاتتىڭىز، ھېلىمۇ كۆپ كېچىكتۇ-
رۇپ قويدۇم.
— ئۇنداقتا، سىزنى قاچان ئىزدىسەم بولىدۇ؟
— خالىغىنىڭىزچە بولسۇن.
— ياق، ۋاقتىنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ.
— بولىدۇ، ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە مېھمانخا-
نىدىكى ياتىقىمغا بېرىڭ. ھاتەم شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ
تۇرغۇنىنىڭ قولىنى سىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئىسسىق ئېقىم
مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. كۆڭلىدە بولسا، سورۇننى سېخىيلىق
بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋاتقان گۈلپەرىدەنىڭ زېرەك ساقىلىقىغا
رازىمەنلىك بىلەن ئاپىرىن ئوقىدى. سورۇن توختاۋسىز جاراڭ-
لاپ تۇرغان قەدەھ سادالىرى بىلەن ئېگىز - پەس كۈلكە سادالى-
رىنىڭ شاۋقۇنىدىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۆزۈلمەي چېكى-
لىۋاتقان ئاچچىق تاماكىنىڭ قويۇق تۈتۈنى شۇ تاپتا ئۆي ئىچىگە
لىق تولغانىدى.
ھاتەم گۈلپەرىدە بىلەن مېھمانخانىغا قايتتى. ھاتەم خېلى
تەڭشىلىپ قالغانلىقتىن ياتاققا كىرىپ ساپاغا ئېغىر تاشلاندى
ۋە تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن
سۆزلەشكە كىرىشتى:
— ئەبلەخ، بەش يىل بۇرۇن فېرمىمىزدىن تۇرغۇن ياغ-
لىما گەپ، چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن ئالغان ئىككى يۈز ئەللىك
مىڭ يۈەنلىك قوي يۇڭىنىڭ پۇلىنى تا ھازىرغىچە بەرمىدىيا بۇ
كاززاپ. بەش يىلدىن بۇيان مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئاز قاترىمى-
دىم، نەچچە قېتىم ئۆيىگە باردىم، كوچىدا تۇتتۇم، ھېلى ئۇن-
داق، ھېلى مۇنداق دەپ ئالداپلا كەلدى. بىر ئادەمنى شۇنداقمۇ

كولدۇرلاتقان بارمۇ؟
— چېچىلماڭ فىرما باشلىقى — گۇلپەرىدە ھاتەمنىڭ
ئالدىغا بىر ئىستاكان قىزىق چاي قويدى، — ئەته كۆرۈشىدى-
غان بولدىڭىزغۇ؟
— چېچىلماڭ دېدىڭىزمۇ؟ مەن چېچىلماي كىم چېچىلى-
دۇ. مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن فىرما رەھبەرلىكى ئىچىدە ئۆزۈمنى
قانچە قېتىم تەكشۈرگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ ناھىيە باشلىقلىرى-
نىڭ باشقارما باشلىقلىرىنىڭ مېنى قانچە قېتىم تەنقىد قىلغانلى-
قىنى بىلەمسىز؟ سىز بىلمەيسىز؟ فىرمىدىكى ئىشچى - خىز-
مەتچىلەرنىڭ ئالدىدا قانچىلىك خىجالەتچىلىكتە قالغانلىقىمنىمۇ
بىلمەيسىز، ئالته ئايدىن بېرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش
ھەققىنى ئالالمايۋاتىدۇ. ھەتتا فىرمىنىڭ تېلېفون ھەققىنىمۇ
تۆلىيەلمەيۋاتىمىز. بىزدە پۇل يوق ئەمەس، لېكىن بار پۇلى-
مىزنى ئالالمايۋاتىمىز. ئېيتىڭچۇ، بۇ ئىشتا مەن ئوسال بولماي
يەنە كىم ئوسال بولىدۇ؟ يۇڭ بېرىشنى مەن تەستىقلىسام، ئەمما
پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمىسام، مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ، مەن دېگەن
فىرما باشلىقى، فىرمىغا جاۋابكار بولمىسام بولامدۇ؟ — ھاتەم
ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، گۇلپەرىدە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:
— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ فىرما باشلىقى، بۇمۇ ئۆتۈپ
كېتەر.
— ئۆتۈپ كېتەر؟ لېكىن، مېنىڭ ئازابلىرىم ئۆتۈپ
كەتكىنى يوق.
— پۇلنى قايتۇرۇۋالساق ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتى-
دۇ. خەپ، تۇرغۇن دېگەن تۇزكور بىلەن ئىككىنچى باردى -
كەلدى قىلماسمەن. كۆردىڭىزمۇ، ئۇنىڭ پوچىلىقىنى، قولىدا
ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن سائەت، تېخى ئۇنىڭ خوتۇن كىشىدەك
بوينىغا ئالتۇن زەنجىر سېلىۋالغىنىنى قارىمامسىز، شۇنىمۇ

ئەركەك دېگىلى بولامدۇ. سېپى ئۆزىدىن نائەھلى دەڭا، راستى-تىنلا نائەھلى.
گۈلپەرىدە كۈلۈۋەتتى.
— نېمىشقا كۈلىسىز، فېرمىنىڭ پۇلىنى ئالىمەن دېمە-سەم ئويلاپ بېقىڭچۇ، سىزدەك بىر قىزنى ئاشۇ كىسپۇرۇشلارغا ھاراق قۇيغىلى سالامتىم؟ مەن ئەركەك ئەمەسمۇ؟ مەندە غۇرۇر يوقمۇ؟ خاپا بولماڭ، مەنمۇ ئىلاجىسىزمەن. راستىنى ئېيتسام، بۇنىمۇ مەن جەمئىيەتتىن ئۆگەندىم. بۇ دورەم پۇلنى ئېلىپلا ئالدى بىلەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قەپقالغان ئىش ھەققى-نى تارقىتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خەق نېمە دېسە دېسۇن، فېرمىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنى يېڭىلايمەن، بولمىسا ئۇ يەردە ئىشلىگەننىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ قاراپ تۇرۇڭ، ئەگەر مەن دېگىنىمنى قىلمىسام ئادەم بولماي كېتەي، — ھاتەم بارغانسې-رى ھاياجانلىنىۋاتاتتى.
— ئويلىغىنىڭىز توغرا، — دېدى گۈلپەرىدە، — لې-كىن ھازىر ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئاۋۋال ئارام ئېلىڭ، ھېلىمۇ جىق چارچاپ كەتتىڭىز، باشقا گەپلەرنى ئەتە سۆزلىشەرمىز.
ھاتەم بىر ھازا ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى.
— بولىدۇ، گۈلپەرىدە، سىزمۇ چىقىپ ئارام ئېلىڭ، بۈگۈن سىزمۇ كۆپ چارچىدىڭىز، رەھمەت سىزگە.
— رەھمەت ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇمۇ مېنىڭ خىز-مىتىمغۇ؟
— شۇنداق، بۇمۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز بولۇپ قالدى، — ھاتەم پىسسىڭىدە كۈلۈپ تاشلىدى. گۈلپەرىدە ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ چىقىپ كەتتى. ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋات لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئايىغىنى سېلىۋېتىپ كىيىم - كېچەك-

لىرى بىلەنلا كارىۋات ئۈستىگە تاشلاندى. ئۇ، مەستخۇش ياتات-تى. ئۇ تاتلىق خىيالغا كەتتى: ئەنە، ئىشىك ئېچىلىپ، تۇر-غۇن سومكا كۆتۈرگەن هالدا ياتاققا كىردى. ئۇ هاتەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن قولىدىكى سومكىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى. سومكا ئىچىدە رەتلىك تىزىلغان يىپيېڭى پۇللا لىققىدە تۇراتتى، تۇرغۇن هاتەمگە ساند-ۋېلىشنى ئېيتتى. هاتەم خۇشاللىقىدىن سومكىدىكى پۇللارنى بىر باشتىن ئېلىپ ساناشقا كىرىشتى. مۇنچە كۆپ پۇلنى بىرمۇ-بىر ساناپ چىقىشمۇ ئاسانغا توختىمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر ساناپ تۈگەتتى. هاتەم كۆڭلىدە ئۆزىچە خۇشاللىناتتى.

ئەتىسى هاتەم گۈلپەرىنىمۇ ئەگەشتۈرمەي، ئۆزى يالغۇزلا سائەت بەشتىن بۇرۇنراق تۇرغۇننىڭ ياتىقىغا كەلدى. بۇ مېهمان-خانىنىڭ ئالاهىدە تۈزەشتۈرۈلگەن ياتىقى بولۇپ ئىچىدىكى ياتاق ۋە تازىلىق ئۆيىدىن باشقا، تاشقىرىدا دېرىزىلىرى باغ تەرەپكە ئۇدۇللاپ سېلىنغان چوڭ قوبۇلخانىسى بار ئىدى. ئۆينىڭ ئە-چىگە تام بويلىتىپ ساپاغا تىزىپ قويۇلغانىدى، هاتەم ئىشىكتىن كىرگەندە ياتاقتا ئاخشامقى تونۇش بىر يىگىت شىرە ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا يانپاشلىغىنىچە قولىدىكى چاقماقنى ئويناپ ئولتۇ-راتتى، ئۇ هاتەم بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا ئۇزاتتى.

— تۇرغۇنجان بارمىكىن؟ — هاتەم سورىدى.

— بار، ئەتىگەندىن بېرى سىرتلارغىمۇ چىقمىدۇق. ئۇ، تېخى بايا تالاغا چىقىپ كېتىۋېدى، سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، هازىر-لا كېلىدۇ.

— ماقۇل، مەن ساقلاي.

— ياكى بولمىسا مەن ئۇنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلايمۇ-كىن؟ — هېلىقى يىگىت شىرە ئۈستىدىكى تېلېفوننىڭ تو-

رۆپكىسىنى قولىغا ئالدى.

سائەت دەل بەش بولغاندا تۇرغۇن ئىشىكتىن كىردى. ئۇ، هاتەم بىلەن چاقچاق ئارىلاش كۆرۈشكەندىن كېيىن، هېلىقى يىگىتنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى ۋە هېلىقى يىگىتكە دېدى.

— ئاۋۇ ئىككىيلەن نەگە كەتتى؟ بىر يەرگە بارماڭلار دېسەم يەنە ساقلاشماپتىغۇ نان قېپىلار؟

— ئۇلار يىراقتا ئەمەس، ئىككىلىسى هېلىلا مۇشۇ يەردە ئىدى، — هېلىقى يىگىت ئالدىراش جاۋاب بەردى. تۇرغۇن ئۇيان - بۇيان يانچۇقلىرىنى بىر قۇر ئاختۇرغاندىن كېيىن، يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ هېلىقى يىگىتكە بەردى.

— ماڭ، دەرهال بىر قاپ تاماكا بىلەن ئىككى قۇتا سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ كىر، مېهمانىنىمۇ موشۇنداق كۈتە-شەمدۇ؟ ياز هاۋاسى ئىسسىق، فېرما باشلىقى ئۇسساپ قالمى-سۇن، ماڭ، تېز بول! — هېلىقى يىگىت چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا تۇرغۇن سوراشتۇرغان ئىككىيلەنمۇ كىرىپ كېلىش-تى.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ، — تۇرغۇن سورىدى.

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى ئىككىيلەن تەڭلا. سىرتقا چىقىپ كەتكەن يىگىت تېزلا قايتىپ كەلدى. تاماكا بىلەن ئى-چىملىكنى هاتەمنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئېشىپ قالغان پۇلنى تۇرغۇنغا تەڭلىدى. تۇرغۇن «ئۆزۈڭ ئىشلەت» دېگەندەك قىلىپ قولىنىڭ كەينى بىلەن ئىشارەت قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ هاتەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەرتلىكىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتاتتى. ئۇ، سائىتىگە قارىدى. سائەت ئىستىرىلكىسى بەشتىن ئون مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ شىرەنىڭ سىرت-مىسىدىن قەلەم ۋە چەكلەرنى ئالدى. ۋە چەككە بىر نېمىلەرنى

يازدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېلىقى ھەمراھلىرى ئالدىراش يۈرۈشەتتى.

— قېنى فېرما باشلىقى، بۇ يەرگە ئىمزا قويۇڭ، بۇ قېتىم ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلىڭىزنى بىراقلا بېرىۋەتتىم، بانكىدىكى ھېسابىمىدىن ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ.

ھاتەم چەككە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن يانچۇقىدىن قەلىمىنى ئالدى.

— ئەپۇ قىلىڭ فېرما باشلىقى، بۇ قەلەم بىلەن ئىمزا قويسىڭىز بولمايدۇ. مانا ماۋۇ مەخسۇس قەلەم بىلەن ئىمزا قويىسىز، — تۇرغۇن ھاتەمگە قولىدىكى قەلەمنى ئۇزاتتى. ھاتەم چەككە ئىمزا قويدى. ئۇ چەك ئۈستىگە يېزىلغان ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. تۇرغۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ھاتەمگە قول ئۇزاتتى.

— فېرما باشلىقى ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ يۈەننى ئالدىڭىزمۇ؟ — ھاتەم قولىدىكى پۇل چېكىگە قاراپ سەل ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن:

— ئالدىم، — دېدى.

— ئەمدى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئېلىم - بېرىم تۈگىدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، تۈگىدى.

— ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلمايسىز؟

— پۇلنى ئالغاندىكىن يەنە نېمە دەپ ئاۋارە قىلاتتىم.

— رەھمەت سىزگە.

— سىزگە رەھمەت. تۇرغۇن شىرە ئۈستىدىكى ئالدىن تەييارلاپ قويغان قاپنى قولىغا ئالدى. — خوش ئۇنداقتا قەدىناس ئۇلپەتچىلىكىمىزنىڭ يۈزىدىن سىزگە بىر دانە خاتىرە بۇيۇم

تەقدىم قىلماقچىمەن. بۇ، گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن ساقال پىچىقى، ئۆزى ئاددىي بولسىمۇ يالداما قىلارسىز. ياق، ياق، تۇزۇت قىلماڭ، قىنى ئېلىڭ.

هاتەم سوۋغاتنى ئالدى ۋە تۇرغۇن بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئالدىراش مېڭىپ، بانكىنىڭ تىجارەت زالىغا كىرگەندە خىزمەتچىلەر ئاللىقاچان ئىشتىن چۈشكەنىدى. تىجارەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا «ئەتە كېلىڭ» دېدى. ئۇ، پەرىشان هالدا ياتىقىغا قايتىپ كەتتى.

فېرما باشلىقى ئەتىسى ئورنىدىن بالدۇرلا تۇرۇپ كەتتى، ئۇ گۈلپەرىدەنى چاقىرىپ، كوچىدىكى ئاددىي بىر ئاشخانىدا ناشتىلىق تاماق يېدى. ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمەتكە چۈشۈش ۋاقتىنى قارارلاپ دەل ۋاقتىدا بانكىغا كەلدى ـ دە، سومكىسىنى گۈلپەرىدەگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، يانچۇقىدىن هېلىقى چەكنى ئېلىپ بانكا خىزمەتچىسىگە ئۇزاتتى. خىزمەتچى ئايال چەكنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن هاتەمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— بۇ نېمە؟ — دېدى ئۇنىڭ سوئالىدىن هېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان هاتەم تۇزلا جاۋاب بەردى:

— پۇل . . .

— پۇل دەيسىزغۇ، بۇ نەدىمۇ پۇل بولسۇن، بىر ۋاراق ئاق قەغەزغۇ؟

— بۇ، بۇ . . . هاتەم كېكەچلەپ قالدى. خىزمەتچى ئايال قەغەزنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى. هاتەم بىلدىكى، بۇ هەقىقەتەن بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئىدى. ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى. ئۇ ئېگىز ـ پەس سۆزلەشكە باشلىدى. تىجارەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ بۇ هەقتىكى چۈشەندۈرۈشىنى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆتمۈشىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— ئالدىنىپسىز فىرما باشلىقى، ئالدىنىپسىز. سىز ئاللاقە قىلىۋاتقان تۇرغۇن دېگەن ھازىر تىجارەتچى ئەمەس، ئۇ مەخسۇس قويمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالدامچى بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ چەكنى يېزىشقا ئىشلەتكىنى ئادەتتىكى قەلەم ئەمەس، بەلكى ئوكسىدلىق قەلەم، ئۇ ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان ھامان ئوكسىدلىنىپ ئۆزلۈكىدىن توزۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باشتىلا ئالاقە قىلغۇلۇق ئەمەس ئىدى. ئەمدى كېلىپ سىزنىمۇ پالاكەت بېسىپتۇ.

— ئېيتىڭا، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — بىچارە قىياپەتكە چۈشۈپ قالغان ھاتەم تىجارەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا ھەدەپ يېلىناتتى.

— قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىر ئامال قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

ھاتەم بانكىدىن ئامالسىز قايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق، كىرەي دېسە يەر قاتتىق ئىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ دەرغەزەپكە كەلدى ـ دە، گۈلپەرىدەنى ئەگەشتۈرۈپ تۇرغۇننىڭ ياتىقىغا كەلدى. تۇرغۇن ئەسلىدىكى ئورنىدا بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئۇ، ھاتەمنىڭ قارغىشلىق گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە تەمكىن قىياپەتتە دېدى:

— ئۆكتەملىك قىلىۋاتامسىز فىرما باشلىقى، مەن سىزنى ئالدىغىنىم يوق، مېنىڭ پاكىتلىرىم تولۇق، ئىشەنمىسىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، قېنى، فىرما باشلىقىغا تۈنۈگۈنكى سىنئالغۇنى قويۇپ بېرىڭلار، — ئۇ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ئېيتتى، سىنئالغۇدا ھەممە جەريان تولۇق كۆرسىتىلىۋاتاتتى، توۋا، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئېزىتقۇلۇق بولىدىكەن ـ ھە؟ ئۇ غەزىپىنى باسالمايۋاتاتتى ۋە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپلا تالاغا ماڭدى، گۈلپەرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتى، ئۆي ئىچىدىن تولىمۇ سەت

بوغۇق كۆلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئادەملەر ئۆزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان دىمىق شەھەر كوچى-سىدا فېرما باشلىقى ھاتەم ئادۋوكات ئىزدەپ چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، خوتەن.

# شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى

## (ئۇزاق تۇندىكى قارا باسقان چۈشلەر)

ئاشىقمەن ـــ غېرىبمەن، شىپاھسىز،
مىسكىنمەن ـــ بىچارە، داۋاسىز.
دۇنيادا تىغدەكلا تەنھامەن،
دىل باغىم لەيلاسىز، رەناسىز.
ياشلىقىم، ئەرزاندۇر ـ بىقىممەت،
غەمكىنمەن، ئاق قۇدەك ناۋاسىز.
قالمىدى سەۋرىم ھەم تاقىتىم،
كۆيمەكتە ۋۇجۇدۇم گۇۋاھسىز.
مەيلىلا، مەن كۆيەي يار ئۈچۈن،
كۆيمىكىم بىلسەڭلا گۇناھسىز.
ئايانكى، ھىجراندا تەقدىرىم،
يېتىمەن ۋەسلىمگە خاتاسىز.
ئوينارمىز شۇ چاغدا شاد ـ خۇرام،
گۈلزاردا ـ چىمەندە جاپاسىز.

ـــ ئاپتور نەزمىلىرىدىن

ئۇنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سېلىندى.
ئۇيقۇسىز تۇنلەر، كۆڭۈلسىز كۈنلەر يىرتقۇچ ھايۋاندەك

ۋەھىمە سىلىپ ئۆتمەكتە. چىدىغۇسىز ئەلەم ـ خورلۇق يۈرەكنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئەزمەكتە.

تۈرمە ئىچى قارا سىياھدەك. سىرتتا ئەنسىز قارا بوران ھۆركىرىمەكتە. قانداقتۇر، يىراقتىن ئاندا ـ ساندا ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى، بەزەن ـ بەزەن ئېشەكلەرنىڭ يېقىمسىز ھاڭراشلىرى ئاڭلانماقتا.

قاتتىق سوقۇۋاتقان بوران تۈرمە روجەكلىرىنى قېقىپ ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۆز كۆنلىرىنىڭ كېچىدىكى ئاچچىق سوغۇقلىرىدىن شۈركۈنۈپ سەگەكلەشتى. ئۇ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئەمما ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. «كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالمىغاندۇ؟ ھە، راست، مەن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيۋاتىمەنغۇ؟ ھەقىقەتەن قارىغۇ بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ ياق، ياق. بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىشلەيمەن. مەن ياشايمەن! . . . » ئۇ، ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى ۋە شۇنداق پىكىر قىلدى. ئۇقارىغۇ بولۇپ قالمىغانىدى. بۇ تامامەن ئۇنىڭ ھېسلىرى ئىدى.

ئۇ، سەل ھوشىغا كەلدى. بىلدىكى، كۆزى ساق. باياتىن ئۇنىڭ كۆرەلمىگەنلىكى بەرھەق راست ئىدى. چۈنكى ئۇ، دۈم ياتاتتى. دەسلەپ ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، تۈنجى بولۇپ كۆرۈنگىنى يورۇق ئالەم بولماستىن، قاپقارا زېمىن ئىدى. ياق زېمىنمۇ ئەمەس، بەلكى تۈرمە كامېرىنىڭ ئۆلى ئىدى.

ئۇ، ئۆزىنى ئوڭشاشقا تىرىشتى، قانچە ئۆرۈنۈپ كۆرسىمۇ قانداقتۇر بىر نەرسە يېتىشمەيتتى. بۇ كەملىك قىلىۋاتقىنى نېمىدۇر؟ ھە! ئەمدى ئېسىگە ئالدىكى، بۇ كۈچ ئىدى. توغرا، شۇ تاپتا ئۇنىڭدا كۈچ يوق ئىدى. ئۇ، تامامەن ھالسىزلانغان بولۇپ، قاتتىق تاياق زەربىدىن پۈتۈن ئۇستىخانلىرى چېقىلىپ كەتكەندەك ئاغرىپ، ئۈگە ـ ئۈگىلىرىگىچە سىرقىراپتتى. خېلىدىن بېرى قىزىشىۋاتقان تېنى ئەمدى ئاستا ئاستا مۇزلاشقا

باشلىغانىدى. ئۇ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئىككى قولىنى ئاۋاي- لاپ يەرگە تىرەپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. بىراق، ئۇ- نىڭ پۇتلىرى ئۆز ئىگىسىنىڭ رايىغا زادى كۆنىدىغاندەك ئە- مەس، بەكمۇ ئېغىر ئىدى. شۇنچە بەك سۆرۈلۈۋېلىپ، ئۇنى مىدىرلاشقا قويمىغىنى نېمىدۇر؟ هە، دۇرۇس، بۇ بەكمۇ ئېغىر ۋە قوپال تۆمۈردىن ياسالغان ئىشكەل ئىدى. ئۇ، قەھرى - غەزەپكە كەلدى - دە، جىمى كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ ئاران تەستە يېنىچە بولۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، قەي قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ھېچ نەرسە يانمى- دى. ئۇ، شۇ پېتى ئولتۇرۇپ، خېلى بىر هازا ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق هوشىغا كەلدى. ئۇنى بۇگۈنمۇ يەنە ئۇ- رۇشقانىدى.

ئۇ، ئاستا ئۆمىلىدى، كۆڭۈل كۆزى بىلەن ئىزدەپ، مىڭ مۇشەققەتتە پاخال ئۈستىگە سېلىنغان ئورۇن - كۆرپىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئۆزىنى سەل - پەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن پەم بىلەن تامغا يۆلەندى. بوران ئۇچۇرۇپ كىرگەن چاڭ - توزانلىق هاۋادىن تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى - دە، خىيالغا كەتتى. ئۇ كۆپ ئويلايتتى. ئۇ پەقەت شۇ هېس - تۇيغۇغا تايىنىپ ياشايتتى. مۇبادا شۇ هېس - تۇيغۇ بولمىغان بولسا گويا ئۆزىمۇ بولمايدىغاندەك هېس قىلاتتى. مانا، يەنە شۇ هېسسى- يات، يەنە شۇ خىيال، يەنە شۇ ئۇنتۇلماس هايات خاتىرىلىرى ۋە سۆيگۈ ئەسلىمىلىرى. . . ئۇيقۇسىز تۈنلەر يەنە باشلاندى.

سىرتتا، بوران كۈچىيىپ كەتتى. تۈنىنىڭ قانچىلىك ئۆت- كەنلىكىنىمۇ، قانچىلىك قالغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بەلكى، يېرىم كېچە بولغاندۇ. يەنە، تاڭ ئېتىشقا قانچىلىك ۋاقىت قالغاندۇ؟ ئاسماندا شۇ تاپتا بىرەر يۇلتۇز بولسىچۇ كاش- كى. تاڭ ۋاقتىنى پەملەشكە بەكمۇ ئاسان بولاتتى! هايات نېمى- دېگەن سۇرلۇك هە! — ئويلىدى ئۇ. ئىشىك سىرتىدا كۆزەت-

چىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

## بىرىنچى باب

شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ دەرۋازىسىدىن سىمونت تاختاي ياتقۇزۇلغان يولنى بويلاپ، ئەپچىل كىيىنگەن بىر قىز ئۇدۇل ئىچكىرىگە — ئائىلە قورۇسىغا قاراپ چاققانلىق بىلەن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن گۈزەل بولۇپ، قىپقىزىل ئوتقاشتەك تۇتۇن ياغلىقى بوينىدا بىلىنەر - بىلىنمەس يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇستىگە كىيىۋالغان سىماۋى رەختتىن تىكىلگەن پىلاتى، توق جىگەر رەڭلىك تار يوپكىسى، ئەترەڭ ئۇزۇن پايپاق تارتىۋالغان ئايىغىدىكى مېغىزرەڭ كەشى، قولىدا كۆتۈرۈۋالغان سۇترەڭ سومكىسى. . . ئىشقىلىپ بۇ بارلىقىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بوي - تۇرقىغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ تەسۋىرىگە بۇلاقتەك ئويناق قارا كۆزلىرى، يېڭى چىققان ئايدەك ئەگمە قاشلىرى، قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرى، گۈل ياپرىقىدەك پاك ۋە تەبىئىي چىرايىنىڭ گۈزەللىكى قوشۇلىدىغان بولسا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرسىزكى، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوقتەك ئىدى. ئۇ ئائىلە قورۇسىنىڭ ھويلىسىدىكى گۈلزارلىقتىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرالدى. ئېھتىمال شۇ تاپتا يىراقتىنلا تونۇش بىرىنى كۆردى بولغاي، ئۆزىچە يېنىككىنە كۈلۈمسىرىدى. ئۇ بىنانىڭ دەھلىزىدىكى پەلەمپەي بىلەن ئۇستىگە چىقتى.

— ياخشىمۇسىز قەدىرلىك پەخرىدىن؟ يەكشەنبىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

— رەھمەت سىزگە، شاھسەنەم، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز؟

ئۇلار ئامانلىق سوراشتى.

— قېنى، شاھسەنەم ئۆيگە، ئۆيگە كىرىڭ!

پەخرىدىن گۈل تەشتەكلىرىگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۇ، قولىدىكى چەينەكنى كۆتۈرۈپ، شاھسەنەمنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. چەينەكنى يەرگە قويۇپ، تېخىچە ئورۇن ئالماستىن كاردۋاتنىڭ يېنىدا ئۆرە قاراپ تۇرغان شاھسەنەمنى ئۇستەلگە تەكلىپ قىلدى. شاھسەنەم ئولتۇرمىدى. ئۇ سۇترەڭ سومكىسىنىڭ ئىچىدىن ئىككى بولاق نەرسىنى ئېلىپ شىرە ئۇستىگە قويدى ۋە پەخرىدىنگە قاراپ:

— قېنى كېلىڭ، ئېغىز تېگىپ بېقىڭ! مەن سىزنى مېھمان قىلماقچىمەن، — دېدى.

— ئوھوي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، شاھسەنەم؟ — دېدى پەخرىدىن ناھايىتى تەبىئىي ھالدا — سىزمۇ قائىدە - يوسۇننى بۇزماقچى بولغان ئوخشىمامسىز؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، سىز ماڭا مېھمان، مەن سىزنى مېھمان قىلماستىن سىز مېنى مېھمان قىلسىڭىز بۇ قانداق بولغىنى؟

— سىزمۇ زە؟! . . . دېدى شاھسەنەم — مېنىڭ ئالدىمدا تەكەللۇپ قىلىپ نېمە قىلىسىز؟ مەن سىزگە مېھمان. سىز ماڭا مېھمان. سىز مېنى مېھمان قىلىسىزۇ، مەن سىزنى مېھمان قىلسام، ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئېيتىڭچۇ قېنى، ئۇنىڭ زادى نېمىسى يامان؟

پەخرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە جاراڭلىق ئىدىكى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن شاھسەنەمنىڭ يۈزى ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتى.

— قېنى، ئۇنداق بولسا ماڭا نېمە ئەكەلدىڭىز؟ — پەخرىدىن چاقچاق قىلدى.

— مەرھەمەت مەيلى بولسا مەيلانە. قېنى، ئۆزىڭىز ئېچىپ كۆرۈڭ! شاھسەنەممۇ پەخرىدىننىڭ چاقچىقىغا خۇش ئاۋازلىق بىلەن جاۋاب بەردى ۋە قول ئىماسى بىلەن بولاقنى

كۆرسىتىپ قويدى. پەخرىدىن ھېچقانداق تارتىنىشسىزلا كىلىپ بولاقنى ئاچتى. ئۇنىڭغا تېخى قازاندىن ئېلىنغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر توخۇنىڭ گۆشى ھەمدە پېچىنە ۋە ئازراق كەمپۈت بار ئىدى. پەخرىدىن سۆيۈنۈش بىلەن شاھسەنەمگە قارىدى:

— بۇ نىمە قىلغىنىڭىز؟

— بايا ئېيتتىمغۇ، يامان بوپتىمۇ؟

— يامان بوپتۇ دېگىنىم ئەمەس، ئەمما . . .

— قويۇڭە! ئەل نىمە كويدا، سىز نىمە كويدا يۈرۈۋاتىسىز، بۇنىڭسىز ھازىرقى تۇرمۇشتا نىمە لەززەت بار دەيسىز؟

— لەززەت؟! . . .

— بولدى، بولدى، تالاشمايلا قويۇڭ، ئىسسىقىدىلا تائامغا ئېغىز تېگىڭ! — شاھسەنەم چايداننى كۆتەردى. پەخرىدىن ئۆلگۈرەلمىگەنىدى. شاھسەنەم ئىككى ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ بىرىنى پەخرىدىننىڭ ئالدىغا بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى يېگەچ پاراڭ سېلىڭ!

— سىزمۇ. . .

— بولدى، مەن كەمپۈت شۇمەي.

— نېمىشقا؟

— ئۇ سىزنىڭ.

— پەخرىدىن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى، ئۇلار چاي ئىچكەچ ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۈستىدە پاراڭ قىلىشقا باشلىدى.

پەخرىدىن شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتچىسى، مېھمان قىز شاھسەنەم بولسا، شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرامەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. پەخرىدىن ئۇنىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما، شەھەر ئىچىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان شائىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. شاھسەنەم ئۇنىۋېرسىتىتنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىغا تېخى بىر يىلمۇ بولمىغان قىز ئىدى. ئۇلار ئۆتكەن يىلى ئۆتكەبىرنىڭ ھارپىسى شەھەرلىك

تەشۋىقات بىلۈمى ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى — شېئىرىيەت مۇنبىرى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ يۈرگىنىگە مانا ئەمدى توپتوغرا ئون ئايمۇ بولۇپ قالاي دەۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار تېخىچە توي قىلىشمىدى.

يېڭى يىل ئاخشىمى ئىككىيلەن خەلق باغچىسىدىكى بىر قېتىملىق سەيلىدىن كېيىن ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇرۇشۇپ توي پۈتۈمىنى «4 - ماي» ياشلار بايرىمىنىڭ ھارپىسىغا تۈزۈشكەندى. كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ پەلەكنىڭ چاقى ھەمىشە كىشىنىڭ بەختىگە قارىمۇقارشى ئايلىنامدىكىن؟ تېخى مۆلچەرلىگەن ۋاقىت كەلمەي تۇرۇپلا، جەمئىيەتتە ھەر قىسمى ئىشلار ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. شىددەتلىك كەلگەن بوران، ياشلىقنىڭ بۇ جۇشقۇن ئۈمىدلىرىنىمۇ ئۆز ۋەھىمىسى بىلەن تۇزىتىۋەتتى، كېيىنچە پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كەتكەن «گېزەندە تارتىپ چىقىرىش» قۇيۇنلىرى سەۋەبىدىن ھەر ئىككىيلەن ئاڭلىق ھالدا بۇ ھەقتىكى تەكلىپ - تەلەپلەردىن ئۆزىنى تارتتى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ كەمدە كىملەرنىڭ تەقدىرىدە نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بەلكى سوقۇۋاتقان شامالدىن بىر شۇملۇقنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغاندۇ! بىلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى.

ئەمدى، قارايدىغان بولسىڭىز پۈتۈن شەھەر گويا «ئاۋامۇشلىمىنىڭ جەڭ مەيدانى» غا ئايلىنىپ كەتتى. ھەر كۈنى تۈشمۇتۈشتىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى: قايسىدۇر بىر مەكتەپتە ئوتتۇز يەتتە نەپەر گېزەندە تارتىلىپ چىقتى. قايسىدۇر بىر ئورۇندا ئەكسىلئىنقىلابىي يەر ئاستى كۇلۇبى قېزىلىپتۇ، پالانى چەت ئەل ئىشپىيونى ئىكەن، پۇستانى ئىدارىدىن ئۇچكە قارشى رېئاكسىيون تەشكىلات تېپىلىپتۇ. . . ۋەھاكازا. ئىشقىلىپ ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئانچە ئاز

ئەمەس ئىدى.

كىشىلەرنىڭ بۇگۇنى ئەتىسىگە ئۇلاشمايتتى. كۆڭلى پەقەت خاتىرجەملىك ھېس قىلمايتتى. ئېيتايلۇق، بۇگۇن سىز پاش قىلغۇچى بولسىڭىز، ئەتىسى سەھەردە پاش قىلىنغۇچىغا ئايلىنىپ قالاتتىڭىز. ئەتىگەندە بايراق كۆتۈرگەن بولسىڭىز، كەچتە شەرتسىز قۇيرۇق ئىدىڭىز. شۇڭا، پەخرىدىن بىلەن شاھسەنەم بۇ تۇرمۇشقا گۇمان بىلەن قارايتتى.

پەخرىدىن بىلەن شاھسەنەم مۇھەببەت سۆزلىرىنى كەمدىن ـ كەم قىلىشاتتى. ھەمىشە جەمئىيەت ئىشلىرى، كىشىلەر تەقدىرى، ئىلىم ـ پەننىڭ قاراڭغۇلىشىۋاتقان دۇنياسى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ تۇگۇنلىرى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈشەتتى. ھازىرمۇ ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى بىر قۇر ئەسكە ئېلىشقانلىرىدىن كېيىن يەنە ئادەتتىكىچە ئۆز پاراڭلىرىغا كۆچۈشتى.

ــ بۇ ھەپتە ئائىلىڭىزدىن خەت ئالدىڭىزمۇ؟ ــ سورىدى پەخرىدىن، بارماقلىرى بىلەن قاپقارا قۇندۇزدەك چاچلىرىنى تاراپ قويۇپ.

ــ ياق، ئاڭلىسام ئىنىمنىڭ ئاغرىقىنى ئوت تۇتۇپتۇ دەيدۇ، ــ دېدى شاھسەنەم بويىنىغا تاشلانغان ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى غىجىملاپ تۇرۇپ. بۇ كەملەردە ئەمەلدار بولغانلارمۇ جېنىغا جاق تويىدىغان بولدى. يېقىندىن بۇيان شەھىرىمىزدە بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ ئائىلەمدىن ناھايىتى ئەنسىرەۋاتىمەن، دادام قانداق بولغاندۇ؟ ئانام نېمە بولغاندۇ؟ ئۇكىلىرىمچۇ؟ ئويلايدىغىنىمنىڭ ھەممىسى شۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋىلىرى يوقالدى.

ــ ئۇنداقتا، سىلەرنىڭ ناھىيىمۇ بىر ئىنقىلاب ئوچىقىغا ئايلىنىپتۇ ـ دە! پەخرىدىن جىددىي ھالدا ئېيتتى، ــ سىز-

نىڭ دادىڭىز پارتىيە كىشىسى، شۇنداقلا ئۇ پېشقەدەم كادىر. نۆۋەتتىكى ھەرىكەتنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىن قارىغاندا، ناھايىتى تە-بىئىيكى، ئىبھتىمال، ئۇمۇ بۇ قېتىمقى «ئوۋچىلىق» نىڭ ئوب-يېكتى.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن پەخرىدىن؟ شاھسەنەم ئۆتتۈنۈش ئاھاڭىدا سۆزلىدى، — سىز ئويلاپ بېقىڭ! دادام، ئەللىكىنچى يىللارنىڭ دەسلەپكىدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە پارتىيىگە كىرگەن، ئەللىك ئالتىنچى يىلى ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەن. پارتىيە ئۇچۇن، ۋەتەن ئۇچۇن نۇرغۇن – نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي ئادەم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنىڭ تارتىپ چىقىرىلىشى قانداقمۇ ئەقىلگە سىغسۇن؟ ياكى ئۇ، «ئىلىم نوپۇزلۇقى» بول-مىسا. . . بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئۇنىڭ بوغۇ-زىغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولۇپ قالدى.

— سىز بىلىشىڭىز كېرەك، شاھسەنەم، پەخرىدىن جىد-دىيلەشكەنلىكىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىنى يېرىم ئايلانغاندىن كېيىن، دېرىزە يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قو-يۇلغان پىئانىنونىڭ گىرۋىكىگە يۆلەندى ۋە سول قولىنى ئەترەڭ سارجا شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ، سۆزلەشكە باشلى-دى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، روھلۇق كۆزلىرىدىن گويا ئۇچقۇن چاچراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— نۆۋەتتىكى ھەرىكەت قانداقتۇر بىر كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغقان – سىغمىغانلىقى، قانداقتۇر «ئىلىم نوپۇزلۇقى» بولغان ياكى بولمىغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ۋەزىيەت كىشىلەرنىڭ رايىغا باقمايۋاتىدۇ. سىز يېقىندىن بۇيان گېزىت كۆرۈۋاتىدىغان-سىز! تەشۋىقاتلاردا: «بۇ ھەرىكەت ھەربىر كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇ نەرسىنى كۆرۈ-ۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى ئاللىقاچان ئىلىم –

پەن ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىن ھالقىپ كەتتى. كۆرۈۋاتىسىزغۇ، شەھىرىمىزنىڭ تاملىرىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ھازىر يالـ. غۇز مەدەنىيەت ساھەسىنىڭلا ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىۋاـ. تامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ۋەزىيەت ئەلۋەتتە سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا نازۇكمۇ ئەمەس. مانا قاراڭ، ھەرىكەتنىڭ شەكلى ھازىر چوڭ خەتلىك گېزىتلەردىن ئۆزگىرىپ بەس ـ مۇنازىرە دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ «ئايروپىلان ئۇسۇلى»، «ئېگىلدۇ. رۇش ئۇسۇلى»، «سازايە قىلىش ئۇسۇلى»، «ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈش ئۇسۇلى» غىچە كېڭەيمىدىمۇ! ئەتە ـ ئۆگۈن نېمە. لەر بولىدۇ، كىم بىلىدۇ — تېخى:

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ.

ئۇ يۇقىرىقى بېيىتنى تەكرارلاپ قويدى.

پەخرىدىننىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئۆگىشىپ شاھسەنەم. نىڭ كۆز ئالدىدا شەھەر ھاياتىغا ئائىت كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئارامىلىقىنى بۇزىدىغان خىلمۇخىل غەلىتە كۆرۈنۈشلەر بىر ـ بىرلەپ يېيىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى: شەھەر كوچىلىرىدا لىقمۇ. لىق گېزىت ـ ژۇرنال بېسىلغان ماشىنىلار قۇيۇلىدەك چېپىش. ماقتا. كىملەردۇر جامائەتكە ھەقسىز گېزىت تارقىتىدۇ. ئەنە، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ بىرىنچى بەتلىرىگە يېزىلغان چوڭ قارا خەتلىك ماۋزۇ: «سەنجاسۇنغا باھا»، «پارتىيىگە، سوتسىيالىزمە. غا قارشى قارا يىپقا ئوت ئاچايلى»، «خەيرۇيىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشىغا باھا»... قاتارلىق ماقالىلەر كىشىلەرنى ھەي. رەتتە قالدۇردى. ئەنە، شەھەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن تەش. ۋىق ۋەرەقىلىرىنى كىمدۇر ئېگىــز بىـنانىڭ ئۈستىدىن قۇچاق. لاپ تاشلىماقتا. قاراڭ، تاملاردا سۈپۈرگىلەر ئوينىماقتا، شى.

لىم، شىلىم يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەنە چوڭ خەتلىك گېزىت كۆر-
گەزمىسى، تامغا چاپلانغان، سىم يېپلارغا ئېسىلغان، يەرگە
يېيىلغان. كىشىلەر ئوقۇۋاتىدۇ، كىمنىڭدۇر رەڭگى ئۆچكەن،
كىمدۇر تەشۋىشتە، كىملەردۇر خۇشاللىقىدا كۆز بېقىشماقتا.
قايچا - پىچاق كۆتۈرگەن بىر توپ كىشىلەر رەستىلەردە مارىشى-
ۋاتىدۇ. ساتىراشمىكىن، ئۇزۇن چاچلارنى كەسمەكتە. سەي-
پۇڭمىكىن، چاپاننىڭ بەل تاسمىلىرىنى، شەپكىنىڭ سايىۋەنلى-
رىنى قىرماقتا. موزدۇزمىكىن، ئاياغلارنىڭ پاشنىلىرىنى ئاج-
رىتىشماقتا. پەخەس بولۇڭ، كوچىدا، هويلىدا، ئۆيلەردە ئوت
كۆيۈۋاتىدۇ، نېمە بولغاندۇ؟ هە، دۆۋە - دۆۋە كىتابلار كۆيدۈ-
رۈلمەكتە. «تاماشا» تېخى ئۇياقتا. قاراڭ، يۈزلىرىگە قارا
سۈرتۈلگەن ئاللىكىملەردۇر شىرە ئۈستىگە چىقىرىلىپ، باشلى-
رى ئېگىلدۈرۈلگەن، ئۇلارغا بارماقلار، مۇشتلار تەڭلەنمەكتە.
بىرولار بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ بوينى ئارقاندا باغلى-
نىپ، سازايى قىلىنماقتا، ئىشىكىدە، هويلىدا، رەستىدە، قان-
داقتۇر تونۇش بىراۋنىڭ پەرزەنتلىرى يىغا - زار قىلىشىدۇ...

ئەسلىدە شاهسەنەم بۇ يەرگە ناهايىتى كۆپ نەرسىلەرنى،
ئۆز سۆيگىنىگە سۆزلەپ بېرىش نىيىتى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ
ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆز مەكتىپىنىڭ يېقىن-
دىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرى — دەرس توختىتىش هادىسىلىرى-
مۇ بار ئىدى. شۇنىڭدەك شېئىرىيەت هەققىدىكى پاراڭلىرىمۇ
بار ئىدى. ئەمما، ئۇ هېچ نەرسىنى سۆزلىمىدى، سۆزلىگۈسىمۇ
كەلمىدى. چۈنكى ئۇ، پەخرىدىننىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئۆزىنى
پۈتۈلەي تىلسىزدەك، چارىسىزدەك هېس قىلغانىدى. بۇنىڭدىن
ئۇ، بىر نەرسىنىڭ پەمىگە يەتتى. ئەمما سۆز بىلەن ئىپادە
قىلىپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. كۆڭلى قانداق-
تۇر يېقىمسىز ئىدى. پەخرىدىن ئۇنى سۆزلەشكە ئۈندىدى:
— مەن سۆزلىيەلمەيمەن، مەن تاقەتسىزلىنىۋاتىمەن، —

دېدى شاھسەنەم ھەسرەت بىلەن.

— نېمىشقا؟

شاھسەنەمنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى. ئۆز دىلبىرىنىڭ مۇڭلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ، تەمكىن ۋە چىدامىلىق ئۆسكەن پەخرىدىننىڭ يۈرەك قەلبىنى ئېچىنىش، ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇلىرى قاپلاپ كەتتى. ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، شاھسەنەمگە بىر نەچچە ئېغىز تەسەللى سۆزى قىلدى ۋە ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چاينى تۆكۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا قىزىق چاي قۇيدى - دە، شاھسەنەمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— چاي ئىچىڭ! شاھسەنەم قولياغلىقى بىلەن يېشىنى سۈرتتى. ئىستاكاندىكى چايدىن ئازراق ئوتلاپ قويدى. ئۇ سائەتكە قارىدى. سائەت ئالتە، ئۇنىڭ قايتىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پەخرىدىنگە بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ قايتىشقا ئورنىدىن قوزغالدى.

شاھسەنەم سۈترەڭ سومكىسىنى شىرە ئۈستىدىن ئالغاندا، پەخرىدىننىڭ ئوتلۇق قارا كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلاندى، شۇنداقتىمۇ ئۆز سۆيگۈسىنى بېسىۋېلىشقا ئاجىز ئىدى. شۇڭا، ئاستا پەخرىدىننىڭ ئالدىغا كەلدى. جاھاننى شۇملۇق، غەلىيان قاپلاپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۇ، پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا پەخرىدىنگە ئۆز ساداقىتىنى ئىپادە قىلاتتى.

— رەنجىمەڭ - ھە!

— ئىككىلەننىڭ ئىسسىق لەۋلىرى بىر - بىرىگە چىڭ يېپىشتى.

## ئىككىنچى باب

شەھەر سائىتى توققۇزغا جاڭ ئۇردى.

ئاسما ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا سۇتتەك يورۇپ كەتكەن مەركىزىي كوچىدا دەممۇدەم سىگنال بېرىپ، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان قارا سىرلىق پىكاپ دوقمۇشتىن غەربكە بۇرۇلۇپ، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت يۈرمەيلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئايلانمىدا سىلكىنىپ توختىدى.

ماشىنىدىن ئەر - ئايال ئىككى كىشى چۈشتى. ئايال پۈتۈنلەي «خەنزۇچە» ياسىنىۋالغان بولۇپ، يېنىدىكى ھەمراھىغا ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرمىسا، بىر قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. تەن تۈزۈلۈشىدە ئارتۇقچە ئەيىبلىرى يوق دېيىلگەندىمۇ، يۈزلىرىدىكى قويۇق چېكىنتىسىمان سەپكۈنلىرى بىلەن، قۇلاق تۈۋىگە چەنلەپ چورتلا كېسىپ تاشلىنىپ تەكشىلەنگەن كالتا چاچلىرى «لاپ» قاراشقىلا كۆزگە روشەن تاشلىناتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەر كىشى بولسا دېگۈدەك ئېگىز بولمىسىمۇ ئەمما ئانچە پاكارمۇ ئەمەس، تامامەن كۆك رەختتىن ئۇستىۋاش كىيگەن، چاچلىرى پەس قويۇلغان، بۇرنى ئۇزۇنراق، كۆز چاناقلىرى سەل ئولتۇرۇشقان ئوتتۇز ئالتە - ئوتتۇز يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە قوڭۇر رەڭلىك ئارخىپ سومكىسى تۇراتتى. ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى تەڭلا بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇدۇل بىنا ئىچىگە — ئىككىنچى قەۋەتكە يۈرۈپ كەتتى.

كارىدوردا ئادەم يوق، ئىشخانىلارنىڭ ھەممىسى بوش ئىدى. ئىلگىرىكى يىللاردا بۇ يەردە يېرىم كېچىلەرگىچە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر بولاتتىغۇ! ئەمدى ئۇلارغا نېمە بولدىكىن؟ نېمىشقا كەلمەس بولۇپ قېلىشتىكىن؟ قىممەتلىك كىتابخان، كەچۈرىسىز، ھازىر مەن سىزنىڭ ئەسلىدىكى تونۇش كىشىلىرىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بەكمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. چۈنكى، ئۇلار يېقىندىلا بۇ يەردە ياشاشتىن تولۇق مەھرۇم قىلىندى. ئەگەر خالىسىڭىز شۇ تاپتا مەن سىزگە پەقەت ئۇلارنىڭ ئادرېس-

لىرىنى ئېيتىپ بېرەلىشىم مۇمكىن: «پاش قىلىش» ئۆتكەللى-
رىدە! ھە، ئېھتىيات قىلىڭ، بۇ يەرگە ھازىر تامامەن «يېڭى
كىشىلەر» كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زامانىمىزنىڭ بۈگۈن-
كى «قەھرىمان» لىرى.

شۇ تاپتا، بۇ يەردە ھەرىكەتشۇناسلارنىڭ كېچىلىك جىددىي
مەجلىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن
مەجلىسخانىغا جەم بولغانلارنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ،
سەھىيە تارماقلىرى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى،
سودا - سانائەت سىستېمىسى، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانى-
لىرى ھەتتا باللار باغچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بار ئىدى. بۇ
يەردىكى مەجلىس ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسى يېقىندىن رەھبەرلىك
ئورۇنلىرىغا تەيىنلەنگەن «جىن-شەيتان» لىق ئىللىتىدىن خالىي
بولغان، «قەھرىمان» كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ بە-
زىلىرى ئۆزئارا گۇدۇڭشۇپ، نېمىدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە پاراڭ
قىلىشسا، بەزىلىرى ھەدەپ سائىتىگە قارايتتى. شۇ پەيتتە مەج-
لىس باشقۇرغۇچىنىڭ بولمىغانلىقى ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئۈز-
لۈكسىز ئىشىككە قاراپ تەلپۈنۈشلىرىدىن يىغىن باشلىنىشنىڭ
تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس
ئىدى.

مەجلىسخانىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئېچىلىپ، ئارخىپ
سومكىسى كۆتۈرگەن كىشى بىلەن سەپكۈن يۈزلۈك ئايال كىر-
دى.

— كۆپچىلىكنى سەل ساقلىتىپ قويدۇمغۇ - دەي -
مەن، — ئارخىپ سومكىسى كۆتۈرگەن كىشى تېخى «رىيا-
سەتچىلىك شىرەسى» نىڭ يېنىغىمۇ بارمايلا ئەتراپىدىكى كىشى-
لەرگە قاراپ ئېيتتى، — بۈگۈن كەچتە تەجرىبە ئوتتۇرا مەك-
تىپىدىكىلەرنىڭ تېلېفوندا بەرگەن جىددىي دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ
ئالغانىدىم. ھازىرلا ئۇ يەردىكى ئىشلارنى جۆندەپ قويۇپ، مارد-

يە خانىمنى ئېلىپ ئالدىراپلا كېلىشىم. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق يېغىپ تۇرغان ئۈچ بۇرجەك كۆزلىرى ھېلىقى سەپكۈنلۈك ئايال تەرىپىگە ئاغدى. مارىيە خانىم دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئايال (ئۇ مارىيە دېگەن ئىسىمنى تېخى يېقىندىلا مەدەنىيەت دېگەن ئىسىم بىلەن ئالماشتۇرغان بولسىمۇ ئەمما كىشىلەر ئۇنداق ئاتاشقا تازا دېگۈدەك ئادەتلىنىشمىگەنىدى) لۆمشۈپ تۇرغان ساپاغا ئوبدانلا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بىر نەچچە ئېغىز ياسىما سۆزلىرى بىلەن «باشلىق» نى ماختىدى. بۇ چاغدا باشلىق ئالىلىقاچان ئۆز ئورنىغا ئەپلىشىۋالغان بولۇپ، ئېغىزىنىڭ جاۋغىيىدىن ئۆي ئىچىگە ئىنچىكە تاماكا ئىسلىرىنى چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ سەل كۆ-لۈمسىرەپ قويدى.

باشلىق — تېخى يېقىندىلا بۇ يەردە ئولتۇرغانلار تەرىپىد-دىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتى» غا سايلانغان ئەسلىدىكى بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى مۇخپۇل ئىدى. گەرچە ئۇ، دەسلەپ ئىككىنچى قول باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، كۈرەشتىكى ئۆتكۈرلۈكى، چارە ـ تەدبىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئېغىزدا چاققان، ئايىغى تېتىك ئىكەنلىكى بىلەن تەدرىجىي ھۆرمەتكە ئېرىشىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى رەھبەرلەر-نىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. يېقىنلىرى ئۇنى پۈتۈن شەھەر بويىچە «ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ ئاۋانگارتى» دەپ ئاتىشاتتى. دېمەك، ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بۇ مەزگىلدە شەھەرنىڭ ھەرد-كەت ئېقىمى بەكمۇ تېز راۋاجلىنىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ يەردە ئول-تۇرغانلارنىڭ بارلىقى ئۇنى «ياش ئەۋلىيا» تەرىزدە كۆرەتتى.

— يولداشلار، — دېدى مۇخپۇل كۆپچىلىككە قا-راپ، — يىغىننى ئەمدى باشلايلى! بۇ چاغدا كىمدۇر بىرى سائىتىگە قارىدى: سائەت ئىسترېلكىسى توققۇزدىن ئوتتۇز مى-نۇتتا ئىدى.

مەجلىسخانا جىمجىت، ھېلىدىن بېرى گۇدۇڭشۇپ تۇرغان-

لارمۇ «ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىپ» ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشات-
تى. مۇخپۇل يېقىندىن بۇيانقى پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەرىكەت تە-
رەققىياتى ئۈستىدە ئىنتايىن تەپسىلىي سۆزلەشكە كىرىشتى.
— يېقىندىن بۇيان، — دېدى ئۇ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇ-
ۋېتىپ، — شەھىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ
تەرەققىياتى ئاجايىپ تېز بولدى. ئامما مىسلى كۆرۈلمىگەن
دەرىجىدە ئويغاندى. دەسلەپتە دىڭ تۇ، ۋۇخەن، لىياۋمۇشانى
پىپەن قىلىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاشتىن باشلانغان ھەرد-
كەت، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر مەك-
تەپ، ھەربىر ئىدارە ـ ئورگان، ھەربىر زاۋۇت، كان ـ
كارخانىلارغىچە كېڭەيمەكتە. بىز بىر قانچە يىللار داۋامىدا ئىش-
لىرىمىزغا دۈشمەنلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ كەلگەن بىر ئو-
چۇم يامان غەرەزلىك ئەبلەخلەرنى تارتىپ چىقتۇق. ئەلۋەتتە بۇ
ئاشكارىلانغانلىرى، كۆپ قېتىملىق ھەرىكەتلەردە بىزگە تونۇش-
لۇق بولغانلىرى. لېكىن، ھازىر مەسىلە يالغۇز بۇ يەردىلا
ئەمەس. بىلىشىڭلار كېرەككى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھەرىكىتىمىز-
دە زۆرۈر بولغىنى بىزدە بولمىغان، بىزدە ياشىمىغان ئادەملەر
ئەمەس. ئەكسىچە، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ شەھىرىمىزدىكى مۇخ-
لىسلىرى، تالىپلىرى. بۇ كىشىلەر گەرچە ھېلىقى كىشىلەر
بىلەن باشقا ـ باشقا دۇنيادا ياشىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما پۇر
كۆتەكنىڭ يىلتىزى بىر دېگەندەك، روھىي دۇنياسى تامامەن بىر
قېلىپتا بولغان كىشىلەر. بۇ ئادەملەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل
قىلماي تۇرۇپ ئۇ كىشىلەرنى يوقاتقان بىلەنمۇ يوقالغان ھېسابلا-
نمايدۇ. دەريادا چوڭ بېلىق يوقىتىلغىنى بىلەن كىچىك بېلىجان-
لارمۇ بەربىر بېلىققا، لەھەڭگە ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ — مەج-
لىس ئىشتىراكچىلىرى بۇ «دانا» پىكىرنى بىر ئېغىزدىن قۇۋ-
ۋەتلەشتى، مۇخپۇل سۆزىنى داۋام قىلدى — نۆۋەتتە بېيجىڭ،
شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارد-

غاندا ھەرىكەت يالغۇز بىر نەچچە ساناقلىق ئۇنسۇرلارنى تۇتۇۋې-
لىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، تاماملانمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە،
بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى غايەت زور دەرىجىدە بولىدۇ.
بەلكى، ئۇ «4 ـ ماي» ياشلار ھەرىكىتىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەر
ھەم شۇنداق بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. نۆۋەتتە بىز قى-
لىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئىستىقبالى ئاجايىپ پارلاق ۋە گۈزەل. بىز
بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئارقىلىق، ئالغا بېسىش يولىمىزغا پۈتلە-
كاشاڭ بولغان بارلىق خادا تاشلاردىن، بارلىق كونا نەرسىلەردىن
قۇتۇلىمىزكى، يېڭى بىر گۈللىنىشكە، يېڭى بىردۇنياغا ئىگە
بولىمىز. شۇڭا سىلەردە يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ۋاقىتلىق
مۇشكۇلچىلىكتىن ئېسەنگىرەپ قالمايدىغان پىداكارانە روھنىڭ
بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن. بىراق مەسىلە بۇنىڭلىق بىلەن ھەل
بولمايدۇ. ھەرىكەتنىڭ يۈزلىنىشىدىن ئېيتقاندا بىز تۇتىدىغان
كىشىلەر بىر ئۈچۈملا ئەمەس، بەلكى بىر تۈركۈم، مەن بىر
تۈركۈم دەۋاتىمەن، بۇ سان ئاز ئەمەس، بىردەملىك ھە ـ ھۇ
بىلەن ، بىردەملىك داقا ـ دۇمباق سادالىرى بىلەن ئۇنى ھەل
قىلغىلى بولمايدۇ. چوڭقۇر قېزىش كېرەك. مەسىلەن ئېيتاي-
لۇق، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەل قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان
مەدەنىيەت ـ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىشى تۇرۇپتۇ. بۇ جايدا
خەتەرلىك كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. بىزدە «سۇمۇرغدىن سۇ-
مۇرغ تۇغۇلىدۇ. چاشقاننىڭ بالىسى كامار كولايدۇ» دېگەن
تەمسىل بار. بۇ تارماقلارنىڭ ھەممىسى قېرى چاشقان ئۇۋىسى.
ئېيتىڭلارچۇ؟ بۇ زەھەرلىك چاشقان ئۇۋىسىنى يەنە قېزىش كې-
رەكمۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە شۇنداق قىلىش كېرەك. زادى شۇنداق
قىلماي بولمايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ
كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ تاماكىسىغا يەنە چاقماق چاق-
تى. بىزنىڭ ئالدىمىزدا، بىز قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلار
تاغدەك يېتىپتۇ. قىسقىسى، شەھىرىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،

نۆۋەتتە كىشىلەرنى مۇنداق بەش تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: بىرىنـ-
چى: تارىخىي داشقاللار؛ ئىككىنچى: پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتا-
لىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار؛ ئۈچىنچى: خائىن ۋە ئىشپ-
يونلار؛ تۆتىنچى: خەتەرلىك ئۇنسۇرلار؛ بەشىنچى: چېتىشلىق
كىشىلەر. بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتا - پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بىلەن خەتەرلىك ئۇنسۇرلار ئالدىنقد-
سىنى كۆپچىلىك چۈشىنىدۇ، كېيىنكىسى ئاساسەن قەلەم تۇت-
قانلار ئىچىدە، بۇ ئەبلەخلەرنىڭ سېزىلىش قابىلىيىتى بىر
قەدەر يۇقىرى، شۇنىڭدەك ئاسانلا كەڭ جامائەت پىكرىنى قولغا
كەلتۈرۈۋالالايدۇ. بۇ بىر قاتلامغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز،
گۇمانلىق ئۇنسۇر بولىدىكەن قەتئىي قېزىپ چىقىشىمىز كې-
رەك. ھازىرغىچە بۇ جەھەتتە بىر قىسىم خىزمەتلەرنى ئىشلىد-
دۇق. بىر قىسىم جىن - شەيتانلارنى تارتىپمۇ چىقاردۇق.
ئەمما بۇ تولىمۇ يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. يولداشلارنىڭ ئۆز خىز-
مەتلىرىدە پەۋقۇلئاددە جاسارەت كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
بولۇپمۇ مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن، مارىيە خانىم، كۆپرەك
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك.

مۇخپۇل بۇ ھەقتە بىر ھازا سۆزلىگەندىن كېيىن يانچۇقىـ-
دىن بىر ۋاراق قىزىل قەغەزنى ئالدى ۋە كۆپچىلىككە بىر دەم
ۋەز ئېيتىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ، بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر
مەكتەپتىكى «جەڭگــىگــۋار ئەتــرەت» تارقاتقان ئومۇميۈزلۈك
تازىلاش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلار ئىدى. ئۇ
ئانچە ئۈزۈنغا قالماي ئوقۇپ تۈگەتتى.

— يولداشلار، بۈگۈن ئاخشام سىلەرنى جىددىي چاقىرتىـ-
شىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى مانا مۇشۇ. نۆۋەتتە ھەرىكەتنى داۋاملىق
چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۈتكۈل ھەرىكەتنىڭ، پرولېتارىيات ئىنقىلاب-
چىلىرىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. شۇڭا،
ئىشلەپچىقىرىشنى، ئادەتتىكى خىزمەتلەرنى توختىتىپ قويۇشقا

بولىدۇكى، ئىنقىلابنى توختىتىپ قويۇشقا مۇتلەق يول قويۇل-
مايدۇ. بىزگە نامرات سوتسىيالىزم بولسا بولسۇنكى، باي،
چىرىك كاپىتالىزم كېرەك ئەمەس. قېنى، ئۇنداقتا، مۇزاكىرە
قىلىپ كۆرەيلى، — ئۇ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىش-
قا باشلىدى.

ھەرىكەت پىلانى ۋە تەشكىلىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئەتراپلىق
ئىشلەندى. قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزغىن پىكىر قىل-
لىشتى. ئاخىردا باشقا گەپلەر كېيىنكى يىغىنغا قالدۇرۇلۇپ،
مەجلىس ئاياغلاشتى.

* *

سەپكۈن يۈزلۈك ئايال مارىيە مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ
مەسئۇلى ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت پىلانىدا، پۈتۈن مەدەنى-
يەت سىستېمىسى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا ئۇ
مۇخپۇل بىلەن بەزى ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋېلىش ئويى-
غا كەلدى. باشقىلار ئاساسەن تارقىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ
مۇخپۇلنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەت پىلانى توغرىسىدا
ئازراق مەسلىھەتلەشكۈم كېلىۋاتىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى مۇخپۇل مەمنۇنىيەتلىك
بىلەن. ئۇنداقتا مېنىڭ بۆلۈمۈمدە پاراڭلىشايلى.

ئىككىيلەن مۇخپۇلنىڭ بۆلۈمىگە كىردى. چىراغ كۇنۇپ-
كىسى بېسىلدى. گويا ئۇلارنىڭ مەيلىگە قارشى تۇرۇۋاتقاندەك
ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئېسىلغان چىراغ كاجلىق قىلىپ خېلى تەس-
لىكتە ياندى. ئۆي ئاپئاق يورۇپ كەتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، مۇخپۇل مارىيەگە ساپانى كۆرسەتتى
ۋە ئىستاكانغا ئۆزى چاي قۇيدى.

— سىزنىڭ قەلەم تۇتقانلار ئىچىدىكى خەتەرلىك ئۇنسۇر دېگىنىڭىزنى تازا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن: مارىيە سۆز ئاچتى.

— چۈشىنىش ئانچە قىيىنمۇ ئەمەس، ئەمما سەللا بىخۇدلۇق قىلسىڭىز يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. — مۇخپۇل تاماكا چېكىۋېتىپ ئېيتتى — بىز ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئاشكارىلىنىپ قالغان ئۇنسۇرلارنى تۇتتۇق. ئەمدىكى مەسىلە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئاگېنتلىرىدا قالدى. بۇ بىر قاتلامدىكى كىشىلەرنى بايقىۋېلىش ئىنتايىن قىيىن. سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلار ۋارىسلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن، مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، سىلەرنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدىكى بىر يازغۇچى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، شېرىك توپلاپ، ژۇرنال چىقىرىپ، كۆپلىگەن زەھەرلىك نەرسىلەرنى بازارغا سالغان. ئۇ تېخى «شوپۇرنىڭ خوتۇنى» دېگەن بىر ھېكايىنىمۇ تەرجىمە قىلىپ تارقاتقانىكەن. خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ھە گەپ مانا شۇ يەردە، سىز تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكمىگەنلىكىڭىزنى ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەك. ئىگەللىشىمچە شەھىرىمىزدە قەلەمكەشلەرنى گەۋدە قىلغان بىر يەرئاستى كۇلۇبى باردەك قىلىدۇ.

— يەر ئاستى كۇلۇب؟!

— شۇنداق يەر ئاستى كۇلۇب.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ نامىمۇ باردۇر؟

— بار. ئۇ «قۇياش ۋە مايسا» دەپ ئاتىلىدىكەن.

— مۇنداق دەڭ، تېخى ئۇ مەدەنىيەت ساھەسىدە!

— غەم قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئويلىغىنىڭىزدەك ئىش ئۇنچىۋالا ئاسانمۇ ئەمەس. ئەمما، يىقىتىسىڭىزلا غالىبىيەتكە ئېرىشىسىز. ئاممىنى قوزغاپ پاش قىلىشقا كىرىشىڭ. تەبىئىيكى، ھېكايىلەردىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىش سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئادەتلىنىپ كەلگەن بىر خىل كەشپىياتى. قانداق، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

— بۇ خىل كىشىلەر مەدەنىيەت تارماقلىرىدىلا بولۇپ قالماستىن، مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. ئۇلارنى-مۇ. . .
— ئەلۋەتتە، ھەرگىز مۇستەسنا ئەمەس.
— چۈشەندىم.
باشقا ئىشلار يوقتۇر؟
— ھازىرچە يوق، ئۇچقاشتۇرغان ھامان سىزگە مەلۇم قىلىمەن.
— بولىدۇ، ئىشلىرىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.
مارىيە قايتماقچى بولغاندا خاتىرىسىگە بىر قانچە قۇر خەت پۈتۈۋالدى. بۇ، مۇخپۇلنىڭ يولىيورۇقى ئىدى. ئۇنى موخپۇل ئىشىك تۈۋىدە ئۇزۇتۇپ قويدى.
مۇخپۇل ئىشخانىسىدا يىگىرمە مىنۇتتەك ئىشلىدى ۋە يىراق بىر ئورۇنغا تېلېفون بەردى.
ئۇ بىنادىن چۈشۈپ ماشىنىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ-نىڭ شوپۇرى ئويغاندى. مۇخپۇل ئۇنىڭغا قايتىش ئىماسىنى قىلدى. ماشىنا ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى.
شەھەر سائىتى بىرگە جاڭ ئۇردى.

## ئۈچىنچى باب

پەخرىدىن، مۇخبىر پەيزۇللا بىلەن خەلق باغچىسىنىڭ ئال-دىدىكى كۆندىلىك بۇيۇملار ماگىزىنىدا ئۇچرىشىپ قالدى.
بۈگۈنكى ھاۋا تولىمۇ تىنجىق ۋە بورۇقتۇرما ئىدى. شۇتاپ-نىڭ ئۆزىدە، شەھەر كوچىسىدا، ساماۋەرخانىلاردا، ئاشپۇزۇل-لاردا، ئۆيلەردە كىشىلەرنىڭ قانچىلىك قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئەقەللىيسى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى تىنىمسىز ئىشلەپ تۇرغان يەلپۈگۈچ ۋە قولياغلىقلىرىدىنلا بىلىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس

ئىدى. ھەممە كىشى ئېھتىمال تەرلەپ، قىزىۋاتقانلىقىدىندۇر.
ھە دېسە، ئۇن قەدەم يول يۈرمەيلا، ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرىدىغان
چوكا مۇز ساتقۇچىلار ماروژنى - قادا دۇكانلىرى، دوغاپچىلار-
نىڭ، مۇز سۈيى ساتقۇچىلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرىشەتتى. كېلى-
شەتتى - دە، ھېچبىر تەكەللۇپسىز «يۈرەككە ئارام» بېرىدىغان
ئىستاكان - تەخسىلەرگە قول ئۇزىتىشاتتى ۋە ئۆزلىرىنى سەل - پەل
سوۋۇشقاندەك ھېس قىلىشاتتى. گەرچە ئىچكەنسېرى تېخىمۇ
بەكرەك ئۇسساپ، تەرلەپ، قىزىپ كېتىشسىمۇ، يىگىتلەر يې-
نىدىكى نازلىنىپ تۇرغان رەنالىرىغا ئاراملىق ئىزدەۋاتقان سو-
غۇق ئىچىملىكلەرنى سۇنۇشاتتى. ئەمما تاڭ سەھەردە ھەرقايسى
تىجارەت مەيدانلىرىدا پاتمان - پاتمانلاپ ئېلىپ كېلىنگەن دۆۋە-
لەنگەن مۇزلار، سۇلار، قېتىق - شىرنىلەر خۇددى بىكارلار
سەرپ بولۇۋاتقاندەك، ئادەملەرنىڭ تەر بەزلىرىمۇ بارغانسېرى
كۆپ سۈيۈقلۇق چىقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاندا - ساندا گىرىم
بىلەن يۈرىدىغان ئايالارنىڭ بولسا چېكىلىرىدىن ئاققان تەر
تامچىلىرى ساقىپ - ساقىپ ئېقىۋېرىپ، ئاخىردا ئۇلارنىڭ
چىرايىنى غەلىتە كۆرۈمسىز تۇسكە كىرگۈزۈپ قوياتتى. پەخىرى-
دىن بىلەن پەيزۇللا گەرچە شۇدەم جامائەتكە ئوخشاش ئىسسىقتا
ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇگۈن سايىداش ئۇچۇنلا ئە-
مەس، كۆڭۈل سۆھبەتلىرىگە ئەپلىك سورۇن تالالاپ، كۈندىلىك
بۇيۇملار ماگىزىنىدىن چىقىپ، باغچىنىڭ چەت ياقىسىدىكى بوش
تۇرغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇستىدە بۆك -
باراقسان ئۆسكەن ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ قويۇق يوپيۇرماقلىرى
سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ يەردە كىشى شەھەر كوچىلىرىغا قارى-
غاندا كۆپ ئارامبەخشلىك ھېس قىلاتتى.
پەخىرىدىن پەيزۇللا بىلەن تۆت يىل ئىلگىرى تونۇشتى.
تۆت يىلدىن بېرى بۇ ئىككى دوست — ئىككى ئوت يۈرەك
ئالدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھەمپىكىر، كىشىلىك تۇرمۇش

قارىشىدا ئورتاقلىقنىڭ ئىگە بولۇپ كەلدى. پەيزۇللا مۇخبىرلىق كەسپىدىن سىرت ئاز - تولا شېئىرمۇ يېزىپ تۇراتتى. ئۇ، ئەمدى يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن پەخرىدىن بىلەن بىر - بىرىگە تەڭ دىمەتلىكلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشاتتى. بەل- كىم، دوستلۇقنىڭ قويۇقلۇقىدىن بولسا كېرەك، ئۆزئارا قىلچە تەكەللۇپ قىلىشمايتتى. بىر كۈنى پەيزۇللا پەخرىدىنگە: «بىز ئەمدى مۇناسىۋەتتە بىر - بىرىمىزگە تۇزۇت قىلىشمىساقمۇ بولار، ‹سىلى، ئۆزلىرى› دېگەنلەرنى تاشلاپ ‹سەن› دەپلا ئاتىشايلى. دىققەت قىلماي يۈرۈپ مىشچانلارغا ئايلىنىپ قالماي- لىۇق، يەنە» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنداق دېيىشمەي- دىغان بولۇشتى. قىزىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇپ يۈرىدىغان ھېچقانداق مەخپىيەتلىك (پەقەت ئايرىم ئائىلىۋى ئىشلاردىن باشقا) يوق ئىدى. كىم نېمە ئاڭلىسا، نېمە كۆرگەن بولسا، نېمە ئويلىسا شۇنى سىر ساقلىمايلا دەۋېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، پەيزۇللا ئۆيگە تونۇگۈن كەچ قايتىپ كېلىپلا، بۇ قېتىمقى سەپەردە توپلىغان ھاسىلاتلىرىدىن پەخرىدىننى خەۋەر- لەندۈرمەكچى بولدى. شۇڭا بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن پەخرىدىننىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ يوق ئىدى. ئىزدەپ - ئىزدەپ مىلىڭ مۇشەققەتتە ھېلىقى جايدا ئۇچراشتى.

— قانداق، يېقىندىن بۇيانقى بەزى ئۆزگىرىشلەردىن خە- ۋىرىڭ بارمۇ؟ پەيزۇللا گەپ باشلىدى.

— ئانچە - مۇنچە، — پەيزۇللا جاۋاب ئورنىدا ئېيتتى، — ئەمما ھەممىسى ئۇششاق - چۈششەك، لۇشۇن ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «تاغدىن - باغدىن» دېسەممۇ بولىدۇ، لېكىن، ئۇ تەرەپلەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى- دىن ئەسلا خەۋىرىم يوق، بۇ قېتىم، ئېھتىمال خېلى چوڭ ئىشلارنى ئۇچراتقانسەن؟

— ئىشقىلىپ ئازمۇ ئەمەس، — پەيزۇللا بىر پەس

توختىۋالدى. ئۇياقتا تۇرغان ۋاقتىم ئۇزۇن بولمىسىمۇ ئەمما كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى كىشىنى خېلى چوڭقۇر ئويلاندۇر-دۇ، تۇنۇگۇن ئۆيگە كېلىپلا سېنىڭ قېشىڭغا بارماقچى ئىدىم بىراق، كىچىك ئوغلۇم كېسەل بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەچتە دوختۇرخانىدا بولۇپ قالدىم.

— قانداق، بالا بىر ئاز تۈزەلگەندۇ؟ ئۈچ كۈن بۇرۇن يوقلاپ بارغانىدىم.

— ئانچە خەتەرلىك ئەمەس.

— قېنى، ئۇنداقتا ھېلىقى سۆزۈڭنى داۋام قىل!

— پەرىزىمچە، نۆۋەتتە ئىش سەل چاتاقراقتەك تۇرىدۇ، ئېھتىمال ساڭا ۋە ماڭىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويۇش كېرەك بولۇپ قالار.

— نېمىشقا!

— جىددىيلەشمە، سۆزۈمگە قۇلاق سال، ئىگىلىشىمچە، بۇ قېتىممۇ كەلگۈلۈك يەنە ئالدى بىلەن بىز زىيالىيلارنىڭ بېشىغا كەلگۈدەك، ئوچۇقراق ئېيتقاندا ئۇ تەرەپتە ئىش ناھايىتى ئايقىن: تۇنجى توپ ئوقى يازغۇچىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن. ئەللىك يەتتىنچى يىلىدىكى چوڭ تۇتۇشنىڭ ساۋاقلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا نېمىلەر بولمىدى؟ بۇنىسى ساڭا ئايان، كېرەككە كېلىدىغان كىشىلەر دېگۈدەك ئۇجۇقتۇرۇلدى. ھاياتتا تەكرارلىنىش بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتا-لايدۇ؟ ھېچكىم! ھېچبىر ئادەم بۇنىڭغا كاپالەتلىك بېرەلمەيدۇ.

— سەن شۇنداق بولىدۇ دەپ قارامسەن؟

— ئۇنداق بولمايدۇ دېگەن ئويىمۇ ئەمەسمەن، قارا، ھازىر ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەرىكەت بەكمۇ تەكشىسىز، مەدەنى-يەت تارماقلىرىدا بولسا ئالەم مالىمان. ئوبيېكتلار جەدۋەلىگە بولسا ھەر كۈنى بىردىن بىر نەچچىگىچە يېڭى ئېلمېنت قوشۇلۇ-ۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار بىرلەشمىسىگە قارىساڭ،

ليۇشاۋۇ دەمسەن، تېيىپجان، ئابدىكېرىم خوجايوۋ دەمسەن، ھەممىسى «قارا گېزەندە» دەپ پېپەن قىلىنىشقا باشلاپتۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ چوڭ «پانتوركىست»، «ئىشپىيون» دېيىلىۋاتىدۇ. قانداقلا بولسۇن، ئاتالغانلارنىڭ ئىچىدە ساق قالىدىغانلىرى كۆپ ئەمەستەك.

— بۇ ھەرىكەتتىمۇ يەنە ئۇلار ئۇدىكامىنىڭ «داڭلىق ئارتىستلىرى» بولىدىكەن - دە! جاھاننىڭ تەتۈرلۈكىنى قارا؟

— ئىش ئەسلى مۇنداق — دېدى پەيزۇللا ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى يېشىشكە كىرىشتى. پەخرىدىن يېنىدىن تاماكىسىنى ئالدى.

ياش شائىرنىڭ ئېسىدە ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى شۇ كىشىلەرنى ئۆرنەك قىلىش بىلەن باشلانغانىدى. كىمنىڭ يادىغا كەلسۇن دەيسىز، ئەمدى بۇ ھاياتمۇ ئۈزۈلگەن تاناپتەك ھەممىنى يوققا چىقىرىدىغان بولدى. ئۆرتىنىش ۋە غەزەپ يالقۇنىدا تولغىنىۋاتقان پەخرىدىن بالىلىق چاغلىرىدىكى ئۇنتۇلماس بىر تەسىراتنى ئويلاپ يەتتى.

* *

پەخرىدىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولغاچقا، شۇ قاتاردا پەخرىدىننىمۇ چەتتە قالدۇرۇپ قويمىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇدى. ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۈگىمەس ناخشا»، نىم شېھىتنىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى»، رۇس ئەدەبىياتىدىن «ئانا»، «ئاننا كارىنىنا»، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، پوشكىن،

ماياكوۋسكى شېئىرلىرى. . . ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا ئۇ بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. شائىر نېمە، يازغۇچى نېمە، شېئىر نېمە، رومان نېمە؟ گەرچە بۇ ھەقتە دەرىسلەردە ئاز - تولا ئوقۇغان بولسىمۇ ئەمما چۈشەنچىسى يەنە بەكمۇ ئاددىي ئىدى: «شېئىرنى قانداقتۇر مەخسۇس كىشىلەر يازسا كېرەك، ئۇلار بىزگە ئوخشىمىسا كېرەك، ئويلايتتى ئۇ بىر كۈنى پەخرىدىن گېزىتتە ئۆز ئوقۇتقۇچىسى يازغان باھار ھەققىدىكى بىر پارچە شېئىرنى كۆرۈپ قالدى. ھاياجانلانغىنىدىن ئۇدۇل ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى:

— مۇئەللىم، سىزمۇ شېئىر يازىدىكەنسىز - ھە! — ئىشخانىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىسىدىن سورىدى ئۇ. ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ شۇنچىلىك ھاياجانلانغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان ئوقۇتقۇچى پەخرىدىننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— سەنمۇ يازساڭ بولىۋېرىدۇ، — دېدى رىغبەتلەندۈرۈپ، — بۇ ھېچقانچە سىرلىق نەرسە ئەمەس. مەن يېزىشىم مۇمكىن، سەنمۇ يېزىشىڭ مۇمكىن، ئىشچىمۇ يېزىشى مۇمكىن، ھەممە ئادەم يېزىشقا بولىدۇ.

— مەن شېئىر يازالامدىمەن؟ — ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئاھاڭىدا ئېيتتى. زىدۇ. پەخرىدىن سەل قىزارغانىدى.

— بۇ سۆزۈڭ توغرا ئەمەس، — دېدى ئوقۇتقۇچىسى ۋە چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، — قېنى سەن ئېيتىپ باقە، پوشكىن ئۇلۇغ شائىرمۇ؟ ل. مۇتەللىپ ئۇلۇغ شائىرمۇ - ئەمەسمۇ؟ ماياكوۋسكىچۇ؟

پەخرىدىن: «شۇنداق بولمايچۇ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

ئوقۇتقۇچى يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ شائىر. بىراق، سەن بىلەمسەن، ئۇلار نەچچە ياشتا شېئىر يازغان؟ ئېسىڭدە

بولسۇنكى، پوشكىن بەش يېشىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يادقا ئوقۇيالايدىكەن. ماياكوۋسكى ئون يېشىدا شېئىر يازغان. بىز-نىڭ ئۇلۇغ شائىرىمىز ل. مۇتەللىپ بولسا ئون ئالتە يېشىدا شېئىر يازغان. سەن هازىرقى زامان شائىرلىرىمىزدىن تېيىپ-جان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرلىرىنى كۆردۈڭ. ئۇنىڭ «جەڭچى ئاكام-غا» دېگەن شېئىرى دەسلەپتە ئون تۆت يېشىدا يېزىلغان. بۇنىڭ-دىن مەلۇمكى، شېئىرنى دەسلەپتە ئۇلۇغ كىشىلەر يازمايدۇ ۋە بەلكى ياشتا كىچىك كىشىلەر يېزىپ، ئاندىن پەيدىنپەي ئۇلۇغ بولغان. . . قانداق، ئاشۇر ۋۆەتمىگەندىمەن؟ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن تېخى ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن پەخرىدىن-نىڭ يۈرەك - قەلبىدە هاياتقا زوق بىلەن قاراشنىڭ، ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرى يالتىرىدى.

— ئۇنداق بولسا شېئىرنى قانداق يېزىش كېرەك؟ قەدىر-لىك مۇئەللىم، ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىن، ئەلۋەتتە مۇمكىن — ئوقۇتقۇچى ئوچۇق چىراي جاۋاب بەردى — راستىنى ئېيتقاندا يېزىقچىلىقتا بىر قېلىپ يوق. شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا بىر قانچە نەرسىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، — ئۇ، شېئىرىيەت، يېزىقچىلىق مەشىقى ۋە بىر يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ساۋات. تۇرمۇشقا قىزىد-قىش بىلەن قاراش، مۇستەقىل هايات ئىستىكى، ئۆز ئەمگىكىگە ئىجادىي قاراش قاتارلىقلار ئۇستىدە زېرىكمەي سۆزلىدى هەمدە پەخرىدىننى شېئىر يېزىشقا دەۋەت قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە پەخرىدىن ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرى — «ئوقۇغۇچىد-مەن» دېگەن قوشىقىنى ئوقۇتقۇچىسىغا كۆرسەتتى. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ تەلەپچانلىقىنى ماختىدى. مانا تام گېزىتلەردە، مەكتەپ رادىئوسىدا پەخرىدىننىڭ شېئىرلىرى تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى. مەكتەپتە ئۇ تونۇلۇپ قالدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگى-تىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم تاشلىغان يىلى ئۇ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولدى. ئوقۇ-غۇچىلىق تۇرمۇش بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ: سەھنىلەردە «شا-ئىر» بولۇپ دېكلاماتسىيە ئوقۇش، ئارتىست بولۇپ ئۇسسۇل ئويناش، دىراما، كومېدىيىلەردە رول ئېلىش... ئىجادىيەت قايناملىرى پۇرۇقلاشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ «مەكتەپ لىرىكىلىرى» ناملىق ئەسىرى گېزىتتىمۇ ئېلان قىلىندى. ئىنى-تىلىش، ئىجاد قىلىش، زېرىكمەسلىك، ئالغا بېسىش... ھا-يات مەنىلىك داۋام قىلماقتا...

*　　　　　*

— ئۇنداقتا، مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىش مالىماتاڭچىلىد-قى پىلتىسىگە ئوت يېقىلدى دېگىن، غەزەپلەنگەن پەخرىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي سۆزلەپ كەتتى، — بىزگە مەلۇم، پېش-قەدەملىرىمىزدە ئېھتىمال كەمچىلىك، خاتالىقلار باردۇر، ئۇنى تۈزىتىشمۇ كېرەكتۇ، بىراق كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇلار ئاسىي ئەمەس، خائىنمۇ ئەمەس. ئەگەر، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئەنە شۇنداق يىرگىنىشلىك نەرسىلەر بىلەن تولغان بولسا، راستىنلا ۋەتەنگە، پارتىيىگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرگەن بولسا، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان شۇنچە كۆپ ياخشى ئەسەرلەرنى يازالايتتىمۇ!

— مەن خائىن دېگەن سۆزگە ئىشەنمەيمەن. «پانتور-كىست» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك ئىش تېخىمۇ ئايان، بۇ مەۋ-جۇت بولمىغان ئىش.

— بىزدە ئادەم كۆپ، شۇنداق بولغانلىقتىن تۇرمۇشتا زىتلىقمۇ كۆپ بولىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر توغرا ياشاشقا ئادەتلەنگەن بولسا، يەنە بىر ئوچۇم كىشىلەر پايدا ئېلىشقا، توپىلاڭدا توغاچ ئوغۇرلاشقا ئادەتلەنگەن، ئۇلار ئۆز نېسىۋىسىنى

نورمال ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرەلمىگەن چاغدا، دائىم دېگۈ-
دەك ھىيلە بىلەن ياكى ئۆكتەملىك بىلەن ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.
بىلىش كېرەككى، نېسۋە ـ مەقسەت، ھىيلە بىلەن ئۆكتەملىك
ئۇلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى.

— دۇرۇس ئېيتىسەن، قەدىمكى زاماندا كىشىلەر، ئىن-
قىلاب قىلسا ئوق بىلەن قىلىچقا تايىناتتى. ھازىرچۇ، چوڭ
خەتلىك گېزىت، بەس ـ مۇنازىرەگە تايىنىمىز دېيىشىۋاتىدۇ.
ئەمەلىيەتتە بولسا ئوق بىلەن قىلىچتىنمۇ باشقىچىرەك قەبىھلىك
بولماسمىكىن؟ دۇنيادا كىشىگە روھىي ئازابتىنمۇ ئۈستۈن تۇرى-
دىغان يەنە قانداقچە بەختسىزلىك بولسۇن! سەن ئېيتقاندەك،
ھەر قېتىمقى ھەرىكەتتە دەرد ـ ئەلەم چېكىدىغانلار، ئىجات
قىلغۇچىلار، ئىختىراچىلار، كەشپىياتچىلار بولۇپ كېلىۋاتى-
دۇ. يالغۇز پېشقەدەملەردىن باشقا يەنە كۆلپەتكە ئۇچرايدىغان
ياشلارمۇ ئاز ئەمەس. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئەسلىدە پۈتۈن دۇنياغا
ئايان بولغان ئىلىم ـ پەن، مەرىپەت بۆلىقى. ھەممە كىشى بۇ
جايغا ئىنتىلىدۇ، ھەم قىزىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ،
ئىسمى ـ جىسمىغا مۇناسىپ ماكان بولۇشى كېرەك ئىدى.
لېكىن يېقىنقى بىر دەۋىر ئىچىدە ئۇ تامامەن باشقىچە بىر مۇ-
ھىتقا، ھەرىكەت دۇنياسىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاق كۆڭۈللۈك
بىلەن ئېيتقاندا، بىزدە ئىلغار سانائەت مەركەزلىرى، گۈزەل ـ ئاۋات
شەھەرلەر، تەرەققىي تاپقان يېڭىچە يېزا ـ كەنتلەر بولۇشى لازىم
ۋە شۇنداق قىلىش تامامەن زۆرۈر، ئەپسۇسكى، نېمە ئۈچۈن
شۇنداق بولماي قالدى؟ ياكى بولسىمۇ نېمە ئۈچۈن ئاستا، تار-
قاق ۋە يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ تەكرار-
لىنىش، شۇنچىۋالا قايتارما ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئېھتىياج
تۇغۇلۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ بارلىقى ھازىرچە يېشىلمىگەن بىر خىل
گۇمانلىق سوئال. قېنى، كەلگۈسىدە نېمىلەر بولىدۇ؟ قالدىسى-
غا شۇ كۈنلەردە ئاندىن جاۋاب ئىزدەش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە

بۇلارنى تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ھاجى-تى يوق.

ئۇلار ئىنتايىن كۆپ مۇڭداشتى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى. كەچمۇ كىرىپ قالدى. كۆكۈم پەرىسى مۇھىتقا قارا لېچەكنى يايدى. باغ ئىچى بولۇپمۇ چەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلار بىر ئاز قاراڭغۇلىششقا باشلىدى. ئىككىيلەن ئورنىدىن قوزغالدى. بۇ-گۈنكى ئاخشامدا ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلار بىللەن بىللە كىنوغا بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق، كىشى ئىشتىن ـ پىكىردىن چارچىغاندا بىرەر تەسىرلىك ئېكران كار-تىنىسىغا قارىسا ھاردۇقى چىقىپ، سەگەكلىشىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. خوش، ئۇنداقتا تېخى كەچلىك تاماق يېيىلمى-دىغۇ، دورۇس، ئۇلار تاماق يېيىشمىدى، پەيزۇللا پەخرىدىنى-نىڭ قولىنى تارتتى:

— جۇر، بىزنىڭكىدە تاماقلىنىمىز، يەڭگەڭ ئېھتىمال ياخشى غىزا تەييارلىغاندۇ؟

— ئاشپۇزۇلغا بارساق قانداق دەيسەن؟ ئۆيگە بېرىپ كېلىشمۇ بىر ئاۋارىچىلىق، ئەمما بۇ يەردە ئاۋارىچىلىق يوق.

— كىشى ئائىلىسى تۇرغاندا يەنە جامائەت ئاشخانىسىغا بارامدۇ؟ كاشكى، تەنھا بولسىمۇ. . .

— مانىغۇ مەن تەنھا، شەرتى چۇشمەيدۇ دېمەيدىغانسەن!

پەيزۇللا ئىلاجسىز پەخرىدىنىنىڭ گېپىگە كۆندى. ئۇلار شەھەر باغچىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەپچىلگىنە كىچىك تاماقخانىدا ئوزۇقلاندى. بىر ـ ئىككى پىيالە چاي ئىچىشتى ۋە ئاندىن كېيىن شەھەر مەركىزىدىكى كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ئادەم بۇ، پۇتكۈل مەيدان كىنو ھەۋەس-كارلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇغۇ! كىشىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈ-كىدىن قارىغاندا ئېھتىمال قىزىق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئوخشاي-

دۇ. ياق، ئۇنداقمۇ بولماپتۇ. بىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈن بۇ يەردە يۈقىرىدىن پىپەن قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان مەلۇم بىر زەھەر-لىك كىنو فىلمى قويۇلىدىكەن. ھە، ئەمدى ئايان بولدى، ئەسلىدە، كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك بىر نەرسە تالاشقاندەك شۇنچە بەك قىستا ـ قىستاڭ پەيدا قىلىپ تۇر ۋشۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەب-لىرىمۇ شۇ ئىكەن ـ دە! ئەخمەق خەق، ئانچە قىلمىسىمۇ كۆرەتتى. پەخرىدىنىنىڭ كۆرگىسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيزۇللامۇ كۆرۈش نىيىتىدىن ياندى. ئۇلار كىنوخانىنىڭ يان ئىشىكىنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، تامغا چاپلانغان «پىپەن قىلىنى-دىغان زەھەرلىك كىنو فىلىملىرى» دېگەن چوڭ قارا خەتلىك گېزىتكە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭدا تۆت يۈزدىن ئارتۇق كىنو فىلىملىرىنىڭ تىزىملىكى بار ئىدى. توۋا، شۇنچىۋالا نۇرغۇن نەرسىنى بىر يولىلا پىپەن قىلىشسا، كەلگۈسىگە نېمىمۇ قالغۇ-سى؟ پەخرىدىن بۇ ئەلۋەتتە بىر تېتىقسىزلىقمۇ دەپ ئويلىدى. ئەمما گەپ قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ ئاستا پەيزۇللانىڭ بېقىنىغا نوقىدى ۋە ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىشتى.

ئىككىيلەن خەلق مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ـــ ئاچا يول-دا خوشلاشتى.

پەخرىدىن ھارغىن ـ روھسىز ھالدا ياتىقىغا قايتتى. كۆڭ-لى غەشلىككە تولغانىدى. ئۇ سوغۇق ساقلاش قاچىسىدىن بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ، بىراقلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى ـ دە، شېرەنىڭ ئالدىغا كەلدى. نېمە قىلسۇن! شېئىر يازىدۇ. يەنە شۇ شېئىر. ئۇ قولىغا قەلەم ئالدى ۋە يېزىشقا تۇتۇندى.

بىپايان كۆركەم دالا، مۇنبەت دالا،
ئۇندى شۇ تۇپراقتا نازۇك بىر گىياھ.
چېچەكى چاچتى مۇھىتقا خۇش پۇراق،
مېۋىسى بولدى ھاياتقا دەم ـ شىپا.

ۋادەرىخ، چىقتى دالادا شۇم بوران،
شۇ مەھەل ئەۋجىگە يەتتى دەرد - پىغان.
سولدى شۇ مەۋسۇم گىياھ بولدى خازان،
نە قىلاي، چۈشتى كۆڭۈلگە غەم - گۇمان.

پەخرىدىن شېئىرنى يېزىپ بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە قايتا بىر قۇر تەكرارلىدى. ئاندىن كېيىن ئۆزىچە تازا باب ئەمەستەك تۇيۇلدىمۇ قانداق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر - ئىككى سۆزنى ئال- ماشتۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئازادىلەشكەندەك، نېمىشقىدۇر، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا قانداقتۇر بىر خۇ- شاللىق سەزگۈسى پەيدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى قەغەزنى قويۇپ، چوڭقۇر بىر تەسىراتنىڭ تۈرتكىسىدە پىئانىنونىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئاھاڭ تاللاشقا كىرىشتى. خېلى مەھەلدىن كېيىن پىئانىنونىڭ نازۇك ئاۋازلى- رى جاراڭلاشقا باشلىدى. شۇ دەم پەخرىدىنىنىڭ مۇزىكا دولقۇنى- غا قوشۇلۇپ ئۆي ئىچىدىن، دېرىزە، ئىشىكلەردىن خۇددى قاناتلانغان قۇشتەك ئۇچۇپ چىقىپ، كەچكى شەھەر ئاسمىنىدا مەيىن شاماللار بىلەن بىللە يىراق - يىراقلارغا كەتتى. بەك ئۇزاقلارغا كەتتى.

## تۆتىنچى باب

كۇرەش يىغىنى ئۇياتلىق نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتى: «ئۇمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەن» دەپ ئويلىدى شاھسەنەم يىغىندىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، «يۈرەكلىك ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق كۆز قارىشىنى جامائەتتىن يوشۇرمايدۇ. خورلانغاندا ھەممىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىنسانىنىڭ ئەقەللىي قوغ-

دىنىش ئۇسۇلى. ئۇ، توغرا ئېيتىدۇ. بۇگەپنىڭ نېمە يامىنى بار؟ شۇنچىلىكمۇ ئېسىلىۋالغان بارمۇ؟

يىغىندا خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باياناتچى ۋەكىلى، ناسىر مۇئەللىمنى (ئۇ مەكتەپنىڭ سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى ئىدى) سەن پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر دېۋىدى، شۇ هامان ناسىر مۇئەللىم تازا باپلىدى: مەن تېخى پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇرمۇ؟ ياق، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بۇ تامامەن تۆهمەتتىن ئىبارەت. ئېتىراز بىلدۈرىمەنكى، مەن ساڭا ئوخشاش، ئۇنداق گومىنداڭنىڭ ئاق مومىسىنى يەپ چوڭ بولمىغان (باياناتچى ئەسلىي گومىنداڭ خۇاڭپۇ هەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ئادەم ئىكەن) مېنى پارتىيە تەربىيىلىدى، بۇرۇنقى نامرات بىر ناۋاي ئائىلىسىدە ئۆسكەن قاتمال، ساۋاتسىز بىر بالىنى بۈگۈنكى كۈندە هەممىگە چامى يېتىدىغان كوممۇنىست، شەرەپلىك مائارىپچى قىلىپ يېتىشتۈردى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە، مەن قانداقمۇ پارتىيىگە قارشى چىقىمەن. بۇ ۋىجدانسىزلىق ئەمەسمۇ! ئون بەش يىلدىن بۇيانقى ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا ئېھتىمال مەندە خاتالىقلار ئۆتۈلگەندۇ، بىراق مەن جىنايەت ئۆتكۈزگىنىم يوق. ئىغۋا توقۇمىدىم. خىزمەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن، جىنايەت ئۆتكۈزدى دېگەنگە هەرگىز تەن ئەمەسمەن. قېنى، سەن ئېيتىپ باقە، نۆۋەتتىكى هەرىكەتتە كىم ساڭا گومىنداڭ كومپارتىيە ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرسۇن دېدى. مەغرۇر هالدا ئېيتىشقا هەقلىقمەنكى، سېنىڭ مېنىڭ ئۇستۇمدىن تىغ تارتىپ چىقىپ داۋراڭ كۆتۈرۈشكە قىلچە سالاھىيىتىڭ يوق. يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قوياي، سەن گومىنداڭ ئەزاسى، مەن كومپارتىيە ئەزاسى، بۇ بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دۇنيا، ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە! شۇنداق قىلىپ، زەي سالمىغان دۇكاندا پاختا ئېتىلمىدى. ئەكسىچە، «مېزىنى باسسا، تېزى چىقىپتۇ» دېگەندەك، يىغىن بۇ-

زۇلدى. غەزەپلىنىشكە دەۋەت قىلىنغان سورۇننى كۈلكە ـ مەسخىرە سادالىرى قاپلاپ كەتتى.
شاھسەنەم بۈگۈن مەكتەپتە ئېچىلغان كۈرەش يىغىنىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئويلا ـ ئويلا ئاخىردا كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئۇ بىر پەس يالغۇزدىن ـ يالغۇز مەكتەپ گۈلزارلىقىنى ئايلانغاندىن كېيىن، پەرىشان ھالدا ياتىقىغا كەلدى. ئۇ، بىر ياتاقتا يالغۇز ياتاتتى. ئۇنىڭ ياتىقى بەكمۇ پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. بىرەر پارچە شېئىرىي تەسىرات يازغۇسىمۇ كەلدى، ئەمما نېمىشقىدۇر يازمىدى. ئاشۇنداق دېلغۇللۇق ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك ساقلايدىغان چامادانىنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە كۆپ تونۇش بولۇپ قالغان شاتۇتنىڭ سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆك تاشلىق بىر خاتىرىنى ئالدى. ئۇ، بۇ خاتىرىنى شۇ ۋاقىتقىچە نەچچە ئون قېتىمدىن كۆپرەك كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەپسۇسكى، ئۇ ساناپ قويماپتۇ. ئۇ بۇ خاتىرىگە نېمىلەرنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. كىمنىڭ يازغانلىقىمۇ كۆڭلىگە كۈندەك ئايان، پەخىردىن يازغان. شۇنداق، كىشىگە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن گۈزەللىك ۋە چىداملىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ئاشۇ كىشى — ئۆز سۆيگۈنى، ئۆز ئاشىقى يازغان. مۇھەببەت كۈچىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئىشقىلىپ، ئۇ ھەر قېتىم بۇ خاتىرىنى كۆرگەندە بەختسىزلىكمۇ ئەمەس، سۆيگۈشۇناسلارنىڭ ئاھ ـ پەريادلىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ۋەتەنگە، خەلققە، بىلىمگە بولغان مۇھەببىتى قەيسەر بىر ياش يۈرەكنى قۇچقاندەك بولاتتى. ئەجەب ئەمەسكى، مۇبادا شاھسەنەم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان يىللىرى كىمدە ـ كىم بولمىسۇن، بىرى مۇشۇ خاتىرىنى شۇ پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ياش شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرى دېگەن بولسا ئەلۋەتتە ئۇ چاغدىكى شاھسەنەم شۇنچىۋالا چوڭقۇر پىكىر ـ ھېسسىياتقا تولغان مۇنچە

كۆپ نەرسىلەرنى قانداقمۇ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يېزىپ چىقالىسۇن، قاراپ ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتى. ھازىرچۇ، ئىشىنىپلا ئەمەس، ئۇنىڭغا بولغان ئىشتىياق كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئىش؟ ئەمدى ئۇ ئۆزىگە پەخرىدىننى ئۈلگە قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەخرىدىننىڭ تەمبەل ـ سۇباتلىق گەۋدىسى پەيدا بولدى: ئىشەنچ ۋە روھ ـ جاسارەتكە تولغان ئوتلۇق قارا كۆز، خوپ ياراشقان قاڭشارلىق بۇرنى، كۆركەم قۇندۇز چاچ، رەتلىك ئۇستىۋاش ـ قاردەك ئاپئاق كۆڭلەك. . . كېلىشكەن ئوتتۇرا بويلۇق قەددى ـ قامەت، ئىللىق تەبەسسۇم. . . شاھسەنەمنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ مۇھەببەت تۇيغۇسىدا ھاياجانلىناتتى. ئەگەر جەمئىيەتتە بۇ قەدەر چوڭ قالايمىقانچىلىق، مالىمانچىلىق يۈز بەرمەي، ئەسلىدىكى تىنچ ھەم نورمال قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ چاغدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت رەسمىيەتلىرى بويىچە ئېيتقاندا ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق يانمۇيان تۇرۇپ، شەھەرنىڭ خۇش ھاۋالىق كوچىلىرىنى سەيلە قىلىشى، رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەكلەر تەۋرىنىپ تۇرغان چىمەنلىكلەردە، تاتلىق ـ تاتلىق سۆھبەتلەر ئۈستىدە قاناتلىنىپ ئۇزۇپ يۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلار ئۇنداق قىلالمىدى. بۇ كۈنلەردە ياشلىقنىڭ رومانتىك خىياللىرى، ئاللىبۇرۇن تەشۋىشلىك دۇنيانىڭ قورقۇنچلۇق قۇيۇنلىرى ئىچىدە قالغانىدى.

ئۇ ئاشۇ گاھ يالقۇن بولۇپ يالتىراۋاتقان، گاھ مۇڭلۇق دەرد ـ ئەلەم ياغدۇرۇۋاتقان تەسىراتنىڭ ئىلكىدە ھېلىقى شاتۇتى سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆك تاشلىق خاتىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ مەسۇم قەلب دېڭىزىدا ياشلىقنىڭ جۇشقۇن ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇچقۇر قولۋاق بولۇپ ئۇزۇشكە باشلىدى:

## ماۋزۇسىز

يازغىنىم ھەرگىز گۈزەللەر ھۆسنىنىڭ سىھرى ئەمەس،
يا مۇھەببەت قەسرىنىڭ، يا نازىنىن چېھرى ئەمەس.
قاي كۈنى ياندى يۈرەكتە ئەل - ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى،
يازغىنىم شۇ سۆيگۈدۇركى، ئۆزگىنىڭ مېھرى ئەمەس.

## ئىزدىمەس

«گۇم، گۇم. . .» ئىشىككە قاتتىق تېپىلگەن ئاياغ ئاۋازىدىن خاتىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىشىكتىن تەلەتى سۇرلۇك ئۈچ مەخلۇق — ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن مۇدھىشلىقنىڭ ئېسىرى دەھشەت سېلىپ تۇراتتى.

— قېنى، مۆھتەرەم خانىم، مەرھەمەت، ئاشقىڭىزنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرۇڭ! — ئۇنىڭ ئىچىدىن پاكار بويلۇق بىرى مەسخىرىلەش ئاھاڭىدا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئىككى باش بارمىقى شىم تاسمىسىغا قىستۇرۇلغان بولۇپ، مايكىچان قورسىقى ئىككى تەرەپكە كۆرەڭلىك بىلەن ئىرغاڭلايتتى.

ۋەقەنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن تامامەن بىخەۋەر قالغان شاھسەنەمنىڭ ۋۇجۇدى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى.

— قايسى ئامانەتنى سورايسىلەركىن؟ سۆزۈڭلەرنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— خۇپسەنلىك قىلما! سېنىڭ ئەركە - نايناقلىقىڭنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، — ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى قوپال ئىدى.

— مەندە ھېچقانداق ئامانىتى يوق. بولمىسا. . .

— ماۋۇ سەتەڭنىڭ مۇتىھەملىكىنى قارا، — ھېلىقى پىستە بويلۇق كىشى شاھسەنەمگە يېقىنلاشتى، — سەن بىلەم-سەن؟ بۇ ئويناش ئەمەس، ئىنقىلاب!

«چاڭ - چۇڭ» دەھشەت بىلەن ئۇرۇلغان ئىككى كاچات شاھسەنەمنى يەرگە دۇم چۈشۈردى، ئۇنىڭ چىشى قانىغانىدى.

— ئاختۇرۇڭلار!

— ساندۇق - چامادان، جوزا - شىرە، ئورۇن - كۆرپە، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى ئاختۇرۇلدى. تام ئەينىكى چېقىلدى. ئۆي ئىچى چېچىلغان، چۈۋۈلغان نەرسىلەر بىلەن پەۋەس تولۇپ كەتتى.

— تاپتۇق، تاپتۇق، — دېيىشتى ھېلىقى ئۈچ كىشى — ئۇنىڭ يوشۇرغان نەرسىسى ئىھتىمال مۇشۇ.

شاھسەنەم ئاچچىق ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قارىدى. پىستە بويلۇق ئادەمنىڭ قولىدا پەخرىدىنىنىڭ «ياشلىق پۇتۇكلىرى» ناملىق شاتۇتى سۇ-رەتلىك خاتىرىسى تۇراتتى.

شاھسەنەم گويا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى.

— بۇ خاتىرە. . .

— چۈشەندۇرمىسەڭمۇ تونۇشلۇق، بۇ خاتىرە ئەكسىلئىن-قىلابچى پەخرىدىنىنىڭ. شۇنداقمۇ؟ سەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن چەك - چېگرىنى ئايرىشىڭ، ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى تولۇق تاپشۇ-رۇشۇڭ كېرەك. بۇ مارىيە خانىمنىڭ يولىيورۇقى، ئۇقتۇڭمۇ؟ پىستە بويلۇق كىشى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا بېشى بىلەن قاي-تىش ئىماسىنى قىلىپ ئىشىكتىن چىقتى.

— بۇ ئاشكارا بۇلاڭچىلىققۇ!

— ئۆپكەڭىزنى بېسىۋېلىڭ، خانىم، — شاھسەنەمنىڭ ياتىقىغا مەكتەپ مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى كىردى.

— بۇنداق ئىشنى ئەسلىدە قىلماسلىقىقا تېگىشلىك ئىدى. سىز ياش ۋە نادان بولغانلىقىڭىزدىن پەخىرىدىنىڭ رىئاكسۇن ئىدىيىسىنى ۋاقتىدا تونۇپ يەتمىگەنسىز، ھېلىمۇ كېچىككىنى يوق. ئاكتىپ پاش قىلسىڭىزلا كۇپچىا. كىنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشە. لەيسىز. بايا مارىيە خانىم تېلېفوندا، مېنىڭ سىزگە كۆپرەك ياردەم بېرىشىمنى تاپىلىدى. بىلمەي قاپتىمەن. ئۇلار سىزگە قوپاللىق قىلىپ قويۇپتۇ. بولمىسا، ئۆزۈم توسۇپ قالاتتىم. كارايىتى يوق، ئاۋۋال ياتىقىڭىزنى تۇزەشتۈرۈڭ، ئاندىن كېيىن پاراڭلاشساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز، — ئۇ شاھسەنەمگە قاراپ سىرلىق ھىجىيىپ قويۇپ يۇرۇپ كەتتى.

شۇ چاغقىچە، ھېلىدىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن مىت قىلمىغاندەك تۇرغان شاھسەنەم ياتاقتا يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ ھاياتنى ئۆمرىدە ھېس قىلىپ يەتمىگەن دەرىجىدە ئاھانەتلىك سەزدى. ئۇ، ئالدىراش ئىشىكنى ياپتى - دە، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياش ئەمەس، بەلكى غەزەپ بۇلىقىنىڭ ئاچچىق تامچىلىرى توختاۋسىز ئېقىپ چىقاتتى، ئۇ، خېلى ئۇزاق، بەلكى پۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋالدى.

شاھسەنەم مەكتەپتىن سەگەكلەشكەندەك بولدى ۋە شۇ سە-گەكلىشىش ئىچىدە ياتىقىنى ئاۋۋالقىدەكلا تۇزەشتۈرۈشكە كى-رىشتى. لېكىن باياتىن كاچات زەربىسى بىلەن جاۋغىيىدىن ساقىپ چىققان بىر قانچە تامچە قان ئاشۇ جايدا — ئاشۇ پاك تەندە گويا قانلىق كۆرەش دېغىدەك قاتتىق مۇنەكچە بولۇپ ئۇيۇپ قالغانىدى.

## بەشىنچى باب

سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەت ئاخىر

سۆيۈملۈك پەخرىدىننىڭمۇ بېشىغا كەلدى. ئۇنى كېچە سائەت ئالتىدە تۇتۇپ كېتىشتى.

پەخرىدىننى كالتەك ۋە مۇشتلارنىڭ «ھىمايىسى» ئاستىدا چەكلەنگەن رايونغا ئېلىپ كېلىشتى. بۇ يەردە تۇتۇلغىنىغا بىر-ئاي، يىگىرمە كۈن، ھەتتا ئىككى سائەت بولغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ جاي ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇش، ئۇ بۇ جايغا قانچە قېتىم كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟ تولۇق ئېسىدە يوق. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئۇ، بۇ مۇھىتتا رەتسىلىك ئۇستىۋاش كىيىپ، بەس ـ بەستە شاد ـ خۇراملىق بىلەن بايرام تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگەنىغۇ. ئەمدى ئۇلار-مۇ يوق، خۇشال شېئىر ـ ناخشا سادالىرى، ئەركە باللارنىڭ بەختلىك ۋاراڭ ـ چۇراڭلىرىمۇ يوق. بۇ يەردە چۆلسىرەپ كېتىۋاتقاندەك، سۈرلۈك ـ قورقۇنچلۇق ئىدى. ھە، توغرا پەخرىدىن ئەمدى ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى. ئۇنى مەدەنىيەت ـ مائارىپ سىستېمىسىدىن «گېزەندە» دەپ چىقىرىپ، شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە، تەھقىپلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىـ-غا ـ ئالەمنىڭ يورۇقلۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەر قاتا-رىغا قوشۇۋېتىشكەنىدى.

ھايات نېمىدېگەن ياۋۇز ـ ھە! توغرا ئەمەس، بۇ، ھاياتنىڭ-كى گۇناھمۇ؟ ياق، ئۇنداقتا، دۇنيا ــــ بۈگۈنكى مۇشۇ دۇنيا ھەقىقەتەن نومۇسسىزلىق ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ سېسىق بۇلىقىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ سوغۇق قانىراق بول قەدىر-لىك يولداش! دېگىنىڭ ئانچە ھەقىقەت بولمايۋاتىدۇ. سېنىڭ بېشىڭغا كېلىۋاتقان بۇ چىدىغۇسىز خورلۇقنى ھايات ياكى بۇ كەڭ دۇنيا ئەمەس، بەلكى شۇ ھايات ۋە شۇ دۇنيادا گويا مىتە ـ چاشقانلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىگە تىرىكلىك دەسمايىسى ئىزدەۋاتقان ئاشۇ بىر نەچچە ساناقلىق جاھانساز مەخلۇقلار، ھەممىنى يوقاتقۇچى مۇتە-ھەم ئۇرۇشقاقلار پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بىلەمسەن، سەن يەنە قانچە-

لىك ياشىيالايسەن؟ ياشىساڭ قانداق ياشىماقچىسەن؟ شەرمەندى-
لىكنىڭ ئۆلگىسى بولامسەن ياكى قەھرىمانلىقتا ئۆتكەن جەڭنىڭ
شىھىتىمۇ؟ . . . «قۇياش ۋە مايسا»، «شوپۇرنىڭ خوتۇنى»
قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ زەھەرلىك ئوت ئەمەسلىكىنى ئادەتتىكى
كىشىلەرمۇ بىلىدىغۇ، ئاخىر! ئەمما ئۇلار نېمىشقا زەھەرلىك
ئوت دېيىشىدۇ؟ نېمە ئۇچۇن «جىن ـ شەيتان» دەپ ئاتىشىدۇ؟
دۇرۇس ئۇلارنىڭ مېڭىسى قىزىپ كېتىپتۇ. ئېھتىمال نېرۋا
ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشقان ئوخشايدۇ. ئاپ-
لا، ئۇنداقتا بۇنىڭ چارىسى قىيىنغۇ! بەس، مۇشۇ يېتەر!
قېنى، ئەمدى تۇرمۇشتا نېمىلەر بولماقچىكىن؟ قالغىنىنى كې-
يىن كۆرەرسەن. ئەي ھوشيار ئادەم، ئۆزۈڭنى بىر ئاز بېسى-
ۋال!

ئۇ دېرىزە كىشەكلىرىگە پولات چىۋىقلار بېكىتىلگەن كىچىك-
كىنە ئۆيدە، بۇلۇڭغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە تەنھا ئولتۇرۇپ
خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئايرىپ قويۇلغىنىغا بۈگۈن
ئون تۆت كۈن بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ نېمىلەرنى كۆرمىدى
دەيسىز. بىر ئەر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇمۇ بەرداشلىق
بېرىشكە بولىدىغان ئازاب. لېكىن، ھېلىقى بولمىغۇر، بىمەنە
پىتنە ـ پاسات، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەت. مانا ھەممىدىن
يامىنى ھەممىدىن بەك كىشىگە خورلۇق يەتكۈزىدىغىنى ئەنە شۇ.
ئەگەر دېيىلىۋاتقانلىرى ئۆزۈڭدە بولسىغۇ ئۇمۇ بىر گەپ، ئەمما
پەقەت بولمىسىچۇ؟ ئەدناسى تېخى ئۆزۈڭمۇ ئويلاشقا ئۈلگۈرمى-
گەن بولساڭچۇ؟ ھەقىقەتەن چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىدە ئەلۋەتتە كۆپ سوراقلار، كۆپ تىنتىشلار بولدى.
ھەممىسى شۇ بىر قانچە ئېغىز سۆز «سەن ئەكسىلئىنقىلابى يەر
ئاستى كۇلۇبىنىڭ تەشكىلاتچىسى. سەن شېئىر ـ ھېكايىدىن
پايدىلىنىپ، پارتىيىگە قارشى تۇرىدىغان چوڭ قارا نىيەتچى.
سەن بۇزۇق، سەن ئەبلەخ، پالانى ـ پۇستانى. ئىقرار قىلغانلار-

غا كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈش پار-
تىيىنىڭ ئىزچىل سىياسىتى. سەن بىلەمسەن؟ جىنايىتىڭنى
تاپشۇر!» ئۇنى ھەر قېتىم مارىيە ئۆزى سوراق قىلاتتى ۋە
ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك ئاشۇ ئادەت بولۇپ كەت-
كەن سۆزنى، بىرلا مەقسەتنى تەكرارلايتتى. «جىنايەت ئۆتكۈز-
گىنىم يوق» دەيتتى، پەخىرىدىنمۇ ھەر قېتىم: مەخپىي
تەشكىلات، يەر ئاستى كۇلۇبى دېگەن نەرسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.
بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىز ئۆز كەسپىمىز دائىرىسىدە بىر
قىسىم خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردۇق. ژۇرنال ئىشلىدۇق. تام
گېزىتى، قارا تاختاي گېزىتى چىقاردۇق، پارتىيىنىڭ تۇرلۇك
فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدۇق، شۇنداقتىمۇ بۇ
تېخى كۆپ يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. «جۆيلۇمە، تېخى يېتەرسىز-
لىك قىلامدۇ؟ سەن چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتىڭ، يەنە كېلىپ،
چەرەندە - پەرەندىلەرنى ئەتراپىڭغا توپلاپ، بىر مۇقامغا سەنەم
تارتتىڭ، بۇ جىنايەت ھېسابلانمايدۇ؟ بۇ تېخى يېتىشمەمدۇ؟».
«ئەلۋەتتە يېتىشمەيدۇ، بىز چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىدۇق، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ھازىر چەرەندە - پەرەندە دەپ قارىلىنىۋاتقانلار ئەمەل-
يەتتە بىزگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا تامامەن كېرەكلىك كى-
شىلەر. ئۇلار پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنىنىڭ ئەڭ
قىزغىن ئىشتىراكچىلىرى، مۇقام - سەنەم دېيىلگەنلەرگە كەل-
سەك، بىزدە ئەلۋەتتە مۇقام بار. بۇ باشقىچە مۇقام ئەمەس،
دەل پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇقامى. سەنەم بولسا شۇ مۇقامغا ئوينالغان
سەنەم»، «ئېغىزىڭنى يۇم، بۇ سېنىڭ مەدداھلىق قىلىدىغان مەيدا-
نىڭ ئەمەس»، «مەدداھلىق ئەمەس، ھەق سۆز» «قانداق ھەق
سۆز، سەنلەردە يەنە قانداقچە ھەق سۆز بولسۇن؟!»، «ئەمىسە
باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس...»
پەخىرىدىنگە مارىيەنىڭ پاراسەت كۆچى تەڭلىشەلمەيدىغاندەك
كۆرۈندى. ھەر نۆۋەت سوراق قىلغاندا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزد-

ىنىڭ تىلىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشى بىلەن نەتىجىلىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئاخىردا مۇخپۇلغا دوكلات قىلدى. بۇ تولىمۇ ئاسان — دېدى مۇخپۇل ۋە ئۆزى سوراق قىلماقچى بولدى. بۈگۈن ئۇ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە مەخسۇس پەخرىدىننى سوراق قىلىش ئۈچۈن كەلدى.

پەخرىدىن سوراقخانىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى ۋە «سودىيە» لىك شىرەسىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرغۇزۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى كىرلەشكەن، شالاڭ ساقال - بۇرۇتلىرى سەل ئۆسۈپ قالغانىدى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى مۇخپۇل پەخرىدىنگە ئۇ تەرەپ-تىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ. مەن بۈگۈن سىز بىلەن پاراڭلاشماقچىمەن، شۇڭا ئولتۇرۇپ سۆزلەششەكمۇ بولىدۇ. قېنى، ئولتۇرۇڭ. بۇ سوراق ئەمەس، ئۆزئارا سىردىشىش - ھە! ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن، يەنە. ئۇ يېنىدىكى سەپكۈن يۈزلۈك ئايال مارىيەگە كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ ھىجايغان تەلەتىدىن قۇۋلۇقنىڭ ئالامەتلىرى تەپچىپ تۇراتتى.

پەخرىدىن خېلى تەستە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئىككى رەقىبنىڭ كۆزلىرى ئۇدۇلمۇئۇدۇل جايلاشقان ھالدا بىر - بىرىگە سىرلىق قادىلىپ تۇراتتى. مۇخپۇل يېنىدىن بىر تال تاماكا ئالدى - دە، شىرەنىڭ يۈزىگە توك، توك، توك. . . ئۇرۇپ قويۇپ چاقماق چاقتى، ئاندىن سۆزگە كىرىشتى.

— مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا ئەلۋەتتە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، شۇنىڭدەك شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ھەقتە سىزدىن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەخمەق-لىق، ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سىز بىزگە ئۇ يەردىكى بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىشىڭىز، ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە سىزگە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقمۇ؟ «قۇياش

ۋە مايسا» دېگەن تەشكىلات زادى مەۋجۇتمۇ ـ يوق؟ ئۆتكەندە بۇ ھەقتە سىزگە ئىزاھاتمۇ بېرىلگەن. قېنى، سۆزلەپ بېقىڭ! سىلەر قانداق ئۇيۇشتۇرغان؟ كىم ـ كىملەر ئىشتىراك قىلىنغان؟ قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى ئىدىڭلار؟ خېلىدىن بېرى مۇخپۇلىنىڭ مۇددىئاسىنى دەڭسەپ ئولتۇرغان پەخرىدىن سالماق جاۋاب بەردى.

— ئېيتقىنىڭىز توغرا. بىزدە «قۇياش ۋە مايسا» دېگەن ئاتالغۇ بار. ئەمما ئۇ تەشكىلات ئەمەس، بەلكى بىز ئىشلىگەن ژۇرنالنىڭ بىر ئىستونى. ئۇنىڭدا مەخسۇس ئىشتىراك قىلىنغان بىر قانچە يازغۇچىنىڭ شېئىر، ھېكايە، نەسىرلىرى بېرىلىدۇ. مېنىڭچە بۇنىڭدا ھېچقانداق يامان غەرەز يوق. ئەپسۇسكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بۇ يوللۇق پائالىيەت نېمىشقا بۇگۈنكى تىنتىشنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولۇپ قالدىكىن؟ بۇنى مەن تازا ياخشى چۈشەنمەيمەن.

— چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىز تۇرغان گەپ، سىز تېخى ياش، بىلەمسىز؟ جەمئىيەتتە كۆپلىگەن ئىشلار ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قالاق ساۋاتسىز دېھقانلارنى ئاڭسىز ئىشلەيدۇ دېسە بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، بىراق بىر يازغۇچىنى ئۆز ئىشىدا ئاڭسىز دېيىلىدىغان بولسا بۇنىڭغا مەن پەقەت ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمەيدىغانلىقىڭىز ئېنىق، لېكىن شۇنداقتىمۇ پاكىت كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئىلگىرى سىز ئىش باشقۇرغۇچى بولغان. . .

— ھازىرمۇ ئىش باشقۇرغۇچىمەن.

— شۇنداق، ھازىرمۇ ئىش باشقۇرغۇچىسىز، ئېيتماقچىمەنكى، بىز ھەر بىر خادىم سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئاڭلىق، ھالال ئىشلەشكە ئادەتلەنگەنمىز — ئەگەر ھەر بىر كىشى ئۆزى ئاق كۆڭۈل بولۇپ، شۇنداق ئىشلەشكە ئۆگەنگەن بولسا شۇنىڭ

ئۇچۇن كىمدە كىم بىزنى ئاڭىسىز دەيدىكەن ئۇ چاغدا مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەنكى، بىز ئاڭسىز ئەمەس. شۇڭا بىز ئۆز ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىگە، تەسىرىگە ھەممىدىن بەكرەك ئەھ-مىيەت بېرىدىغان كىشىلەر.

— ئەپسۇسكى، يازغۇچىلار ئىچىدە سىز ئېيتقاندەك ئە-مەس، باشقىچە ئاڭغا ئىگە كىشىلەر يەنى كونا دۇنيانى تىرىلدۈ-رۈشكە ئۇرۇنغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس.

— بۇ سۆزىڭىزگە ھەيرانمەن، ئېنىقراق ئېيتىپ بېرىشى-ڭىز مۇمكىنمۇ؟ مەسىلەن ئۇلار قانداق كىشىلەر؟

— مەسىلەن، «قۇياش ۋە مايسا».

— ھە مۇنداق دەڭ، يەنە كۆزدە تۇتقىنىڭىز بىز ئىكەنمىز دە!

— توغرا ئېيتىسىز، شەھىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە ئۇزاقتىن بېرى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن بىر يەر ئاستى كۇلۇبى بار. ئۇ بولسىمۇ «قۇياش ۋە مايسا». سىز بۇنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىڭىز لازىم. شۇڭا پۈتۈن تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلىرى توغرىسىدىلا ئېيتسىڭىز كۇپايە.

— ئۇنداق بولغاندا، كەچۈرسىز، مەن سىزنى قانائەت-لەندۈرەلمەيمەن، — پەخرىدىن كەسكىنلىك بىلەن ئۇزۇپ ئېيتتى.

— نېمىشقا؟ مۇخپۇل جىددىيلەشتى.

— سىز تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسە بىزدە يوق.

— تەمكىنرەك بولۇڭ!

— ھودۇقۇپ كەتمىدىم.

— كېيىنچە پۇشايمان قىلماڭ؟!

— خاتىرجەم بولۇڭ.

پەخرىدىننىڭ ئاخىرقى سۆزى مۇخپۇلنىڭ مېڭىسىگە قو-

قاس قويۇۋەتكەندەك قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ، شىرەگە قاتتىق بىر مۇشت ئۇردى ــ دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان تەرسا، بۇ سېنىڭ ئائىلەڭ ئەمەس، ئىنقىلاب!

— چۈشەنچە بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت.

— كاپىشما! سېنىڭ بىر قانچە يىلدىن بېرى قىلغان ــ ئەتكەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئەكسىلئىنقىلابچىلىق. ئەمدى يۇۋاش بولۇپ، جىنايىتىڭنى تاپشۇرۇشقىلا رۇخسەتكى گەدەنكەشلىك قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ، بولمىسا، تەقدىرىڭ تۇيۇق!

— مەقسىتىڭىزنى ئاللىقاچان چۈشەنگەنمەن.

— چۈشەنگەن بولساڭ قېنى سۆزلە، ئادىمىڭ قانچە، شېرىكىڭ كىم؟...

— گەپ قىلماسەن؟ زۇۋانسىز ھايۋان.

— ھايۋانغا گەپ قىلغاننىڭ ئۆزىمۇ ھايۋان.

پەخرىدىننىڭ كاچىتىغا دەھشەتلىك ئىككى تەستەك تەگدى. ئۇ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ قالدى. بۇ قېتىمقى «سىردىشىش» دىن «تەدبىرلىك» مۇخپۇل ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىردا ئۇ، مارىيەگە پەخرىدىننىڭ بۈگۈندىن باشلاپ مەسىلە تاپشۇرىدىغانلىقىنى، قاتتىق كۆزەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئىختىيارىي قويۇپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ھازا ئەقىل كۆرسەتكەندىن كېيىن پەخرىدىنگە قاراپ ھەيۋە قىلدى.

— سەن خىزمەتكە چىققاندىن بېرى جىنايىتىڭنى تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە ئائىلە تارىخىڭنىمۇ تاپشۇر! مەسىلەن، سېنىڭ ئاتا ــ ئاناڭ توردىن چۈشكەن باي دېھقان، سەن ئۇنى ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلگەنسەن. بۇمۇ سېنىڭ بىر چوڭ جىنايىتىڭ.

بۇ تۈزسىز گەپكە پەخرىدىن ھېچنىمە دېمىدى. پەقەت مەن-

ستمەسلىك بىلەن بۇرنىنى قېقىپلا قويدى.

— ماڭ! . . .

ئۇنى يەنە ھېلىقى دېرىزىلىرىگە پولات چىۋىق بېكىتىلگەن ئۆيگە ئىتتىرىۋېتىشتى.

«توردىن چۈشكەن باي دېھقان» . بۇمۇ تازا كۈلكىلىك بىر ئىش دە! پەلەك تەتۈر ئايلانغاندا ئادەمنىڭ ھەممە ئىشىنى پالا-كەت باسىدۇ. ئۇ مۇخپۇلنىڭ سوئالىدىن گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ ھەممىگە ئايان بولغان ئىشلارنى كىشىگە جىنايەت دەپ ئارتىپ يۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال باشقىچە غەرىزى باردەك قىلى-دۇ. بەلكىم، شۇم نىيىتى باردۇ! ئەمما قانداق شۇم نىيەت ئىكەنلىكىنى پەخرىدىن بىلمەيتتى. ئۇ ئاستا كېكىز ئۇستىدە ئولتۇردى ـ دە، تامغا يۆلەندى. يەنە شۇ مۇخپۇلنىڭ «سىنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ توردىن چۈشكەن باي دېھقان» دېگەن سۆزى يادىدىن كەتمەيتتى، ئۇ دېرىزىدىن يىراقلارغا قارىدى ۋە قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلىدى.

پەخرىدىن بۇنىڭدىن يىگىرمە تۆت يىل ئىلگىرى شەھەرگە ئانچە يىراق بولمىغان ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدا ئىشچان بىر باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى بەكمۇ ئىشچان ۋە خۇشچاقچاق ئادەم بولۇپ، ئۆز ئەمگىكىگە قىلچە ساختىلىق ئىشلەتمەيتتى، ھەممە ئىشتا ھالال ۋە ئۆز يولىچە ياشاشنى بىلەتتى. بەختسىزلىك، پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا زارلانمايتتى. بىرەر ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېرىشسە داۋراڭ كۆتۈرۈپ، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ماختىنىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. تۇرمۇشتا تې-جەشلىك، ئائىلە ئىشلىرىدا چىداملىق ئىدى. ئانىسى ئوچۇق ـ يو-رۇق، سۆزمەن، ئادەتتىكى يىگنە ئىشلىرىدىن تارتىپ تا ئېغىر ئەمگەكلەرگىچە ماھىر ئايال ئىدى. ئۇ، ئاش ـ تاماق ئېتىشكە ئۇستا بولۇپ، تائامنى بەك مەززىلىك قىلىپ پىشۇراتتى. ئائى-لىدە يوق نەرسىنىڭ شىكايىتىنى ئېيتىپ، ھېچكىمگە ئازار

بەرمەيتتى. پەرزەنتلىرىنى سەۋر ـ تاقەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاق-
لىق بولۇپ يېتىلىشكە ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئۆسكەن ھەر-
بىر كىچىك بالا ئەدناسى ئاش پىشقاندا قازاننىڭ بېشىغا كېلىۋې-
لىشنىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەمەستەك ھېس قىلاتتى.

پەخرىدىن ئەقلىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئىككى
باراڭلىق ئۈزۈم تاللىرى بولغان ئۈچ ئېغىزلىق خام كېسەكتىن
قوپۇرۇلغان ئاددىيغىنا ئۆيدە تۇراتتى. ئۆي ئىچى ئانچە باياشات
بولمىسىمۇ، ئەمما، ئائىلە ئەزالىرى ئىنتايىن ئىناق ئىدى.
پەخرىدىن ئائىلىنىڭ ئەڭ كەنجىسى بولغاچقا بۇ يەردىكى ھەممەي-
لەن ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى. . . ئاخشاملىرى ئىشتىن
چۈشكەندىن كېيىن دادىسى كۆلۈكنىڭ ئوڭ يېنىدىكى تامغا
يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ: «ئۆمرۈمنىڭ ئاخى-
رىدا بولغان ئاق قوچقىچىم» دەپ ئەركىلەتسە، ئۇخلاشتىن
بۇرۇن ئانىسى: «كەل چىلگەم، ئىسسىقىدا يېتىۋال» دەپ ئو-
چاق يالقۇنىغا قاقلاپ ئىسسىتىلغان يوتقاندا كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ
يۆگەپ قوياتتى. تاڭ ئېتىپ قىزغۇچ كۈن نۇرى تۈڭلۈكتىن
ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئىسسىتىشقا باشلىغاندا
ئاندىن ئويغىناتتى. بۇ چاغدا ئۆيدە ئۇنىڭ ئوماق كۆيۈمچان
ئاچىسى ـــ گۈلسۈمدىن باشقا ھېچكىم قالمايتتى.

پەخرىدىن ئائىلىسى شۇ كەمدە «ئالتۇن قوزۇق» دەپ ئاتى-
لىدىغان بار ـ يوقى ئۈچ يېرىم مولۇق باغ يېرىگە تايىنىپ كۈن
كەچۈرەتتى. پەخرىدىننىڭ قاتارغا قوشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇ-
نىڭغىمۇ ئائىلىدە بىر كىشىلىك خىزمەت تەقسىماتى بېرىلدى.
ھەر كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ، باشقا يېزا باللىرىغا ئوخ-
شاشلا بەش قوي، بىر سېغىن سېيىرنى ھەيدەپ يۈرۈپ، مەھەل-
لىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قومۇشلۇقتا يايلىتىش، كەچكى
گۈگۈم چۈشكەندە ئاندىن ماللىرىنى قايرىپ، ئۆيگە قايتىش. . .

ئۇنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئېسىدىكى، دادىسى ئېتىز ئىشلىرى-

غا قانچىلىك پىششىق بولسا، باغ ئىشلىرىغا ئۇنىڭدىن بەكرەك كۆيۈنەتتى. ئۇ، دېگەندەك ئەمگەكچان ئادەم بولۇپ، سەل - پەل ئارام ئېلىشنىمۇ بىلمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمە-كىن تاڭ، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بېغىدا جاھاندا بولىدىغان مېۋە-لەرنىڭ ھەممىسى باردەك قىلاتتى. ئۈزۈم دېسىڭىز، قىزىل ئۈزۈم، كۆك ئۈزۈم، سېرىق ساپاق، مۇناقى، ئاق سەيۋە، مېۋە - چېۋىلەردىن ئېيتسىڭىز، ئۈرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئانار، ئالۇ-چا، دىمىشقا، گىلاس. . . بارلىقى تېپىلاتتى. خۇش پۇراق كۆز كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ پەخرىدىننىڭ كۆنى تۇغۇلاتتى. ئاچىسى بىلەن باغدا مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايتتى. ئال-لىكىملەرنىڭدۇر بالىلىرىنى باشلاپ كېلەتتى.

ئۇ سەككىز ياشقا قەدەم قويغاندا دادىسى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆيدە پەقەت ئۈچ كىشى — ئانا بىلەن ئاتىسىز ئىككى بالا قالدى. تۇرمۇش رىيازەتلىرى باشلاندى، ئۇلار كۆپ تەر ئاققۇزۇپ كۆرگەن بولسىمۇ مەيلى ئېتىز ئەمگە-كى ياكى ئائىلە ئىشلىرىدا تۈزۈكرەك بىر نەرسە ئۈندۈرەلمەيۋا-تاتتى. پۈتۈن ئائىلىنىڭ بېشى قاتقانىدى. ئازاتلىق قالغاچلىرى ئۇچۇپ كەلدى. بېشىغا ئانچە - مۇنچە ئاق كىرگەن، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن پەخرىدىننىڭ ئانىسىنىڭ چىرايىدا ئىل-لىق تەبەسسۇم كۈلكىسى جىلۋىلەندى. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان يېزا ئاھالىلىرىغا ئوخشاش بۇ چۆلسىرەپ، سولغۇن تۇسكە كى-رىپ قالغان كىچىككىنە باغدىمۇ باھار تەنتەنىسى باشلاندى. چۈنكى ئۇ ئەمدى تەشنا بولغان تاغ سۇلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايتتى. . .

پەخرىدىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: تارىخ، ئۇ، مەڭگۇ ئاغدۇرۇلمايدۇ.

# ئالتىنچى باب

شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تۇرلۇك -
تۇرلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرى «بۇرژۇئازىيە تۇرمۇشىنىڭ نامايەن-
دىسى» سۈپىتىدە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ زالىدا كۆرگەزمە قىلىن-
دى. بىر قانچە كۈندىن بېرى ھەرقايسى «جەڭ ئاكوپلىرى» دىن
كەلگەن «كۆزى ئېچىلمىغان جەڭچىلەر» رەت - رەت تىزىلىپ،
دۇنيانىڭ ئاز تېپىلىدىغان بۇ «ئاجايىپ - غارايىپلىرى» نى
ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا. كۆرۈنۈش ھەقىقەتەن «ئاجايىپ غارا-
يىپ» ئىدى.

پەيزۇللا كۆرگەزمىگە بىرىنچى كۈنى ئەمەس، تۆتىنچى
كۈنى باردى. شۇنداق بولسىمۇ ئادەم يەنىلا مىغ - مىغ ئىدى.
كېلىۋاتقان، كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە تەشكىللىك كەلگەنلەرمۇ،
تەشكىلسىز ھالدا قىزىقىپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ دولقۇنلاپ
تۇرغان ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە
قىزىقمىغاندەك زالنىڭ پەلەمپىيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. شۈبھە-
سىز، ئەگەر ئىلگىرىكى يىللاردا مۇشۇنداق زور ئىجتىمائىي
ۋەقەلەر بولغان بولسا ئەلۋەتتە مۇنداق روھىي كەيپىياتتا بولمى-
غان بولاتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ، ئالدىراش ۋە تىنىمسىز ھالدا
ھەممىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن، ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەن،
باشلىقلارنىڭ، قاتناشقۇچىلارنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ، لايىھىلى-
گۈچىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىزدەپ - سوراپ ئىشنىڭ ئەھمى-
يىتى، ئۆتمۈشى، سانلىق مەلۇماتلىرى ھەم كۆرگەزمە ھاسىلات-
لىرى توغرىسىدا كەڭ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان
بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ ئىزچىللى-
شىشى، ئەمەلىيلىشىشى ھەققىدە بىرەر پارچە ياخشى خەۋەر -
ماقالە، زىيارەت خاتىرىسى ياكى تەسىرلەندۈرۈش قۇۋۋىتى كۈچ-
لۈك بولغان ئوبدانلا بىر ئوچېرك يېزىپ چىقاتتى. يېقىندىن،

يىراقتىن، سەھنىدىن، بىنادىن، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەپچىللىكىنە تارتىۋالغان فوتو سۈرەتلىرىمۇ ئەلۋەتتە ئاز بولمايدۇ. تى. ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇنداق قىلىش ئەپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە كېلىپ كۆپ يازساڭ ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ۋەقەنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر بولغانلىقىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دوق ـ مۇزەممىتى، تاپا ـ تەنىسى ھەتتا «ئۆتكۈر قەلەمكەشلەرنىڭ كالتەكلىشىدىنمۇ قۇتۇلالمايسەن، بۇنداق مىساللار ئازمۇ؟ شۇنداق بولغاچقا يېقىندىن بېرى ئۇ ئاز يازىدىغان ياكى ئاساسەن دېگۈدەك يازمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى بۇ كۆرگەزمىگە قىزىقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ تەبىئىي ۋە ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ئىدى.

پەيزۇللا قىستا ـ قىستاڭدىن ئۆتۈپ، زالنىڭ ئىچىگە كىردى. ۋاي ـ ۋۇي، زالنىڭ ئىچى كارامەت كاتتا بىر بازارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇغۇ! بەئەينى تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى. زالنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئىشىك جايلاشقان تامدىن باشقا قالغان ئۈچ تەرەپتىكى تاملارنى بويلاپ ھەممىسىگە جوزا ـ شىرەلەر قويۇلغان، زالنىڭ ئوتتۇرىسى سىم تاناپ بىلەن توسۇلۇپ تۆت چاسا مەيدان چىقىرىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. جوزا ـ شىرەلەرنىڭ ئالدىدا، تۆت چاسا مەيداننىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ياش قىزچاق ھەم ئوقۇغۇچى سىياقىدىكى ئوغۇلچاقلار ئۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە ئېغىزلىرىدىن ھارغىنلىق ماغزاپلىرىنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىغىمۇ قارىماستىن تىنماي چاڭىلداپ بۇ مال ـ دۇنيانىڭ «ھېكمەتلىرى» نى چۈشەندۇرۇشمەكتە. پەيزۇللا ئۆزىچە بۇ ئەزمە چۈشەندۇرۇشلەرگىمۇ پەرۋا قىلماستىن «بورژۇئازىيە تۇرمۇشىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرى» نى كۆرۈشكە باشلىدى. رەڭمۇرەڭ رەختلەردىن تىكىلگەن ئەرچە ـ ئايالچە قىشلىق ۋە يازلىق خىلمۇ خىل كىيىم ـ كېچەكلەر، بالىلارنىڭ كىيىملىرى، شىرداق، چامادان، چايدان، لوڭقا. . . تۇرمۇش بۇيۇم-

لىرىنىڭ ھەممىسى سىم تانابلىق توّت چاسا مەيدانىنىڭ ئىچىگە قويۇلغان. كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ۋېلىسىپىت، پاتىفون، رادىئو، قول سائىتى، چالغۇ ئەسۋابلىرى. . . . زالنىڭ شەرقىي تېمىدىكى جوزا ـ شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغان. كونسېرۋا، پېچىنە، ئۇن، گۈرۈچ، مۇرابىا، گۈلقەنت، گىلكوزا، شىرنىلەر. . . تۈرلۈك ھۆججەتلەر، سىياسەت، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، مېدىتسىنا، ماشىنسازلىق ئىلمىگە دائىر ماتېرىياللار، غەرپ تەرەپتىكى جوزا ـ شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ نەرسىلەرنى ھەرقانداق ئادەم بىر كۆرۈشى بىلەنلا تەئەججۇپلىنىپ: «توۋا، شۇنچىۋالا مال ـ مۈلۈك قانداقمۇ بىر ئائىلىگە سىغقاندۇ، دەپ ئويلىماي قالمايتتى. ئەمما، پەيزۇللا ئۇنداق ئويلىمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭچە، ئەھۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىمۇ ئۇنچە بەك سۈرلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ كۆرگەزمىگە قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىلگىرى پەخرىدىن بىلەن بىللە خېلى كۆپ ئائىلىلەردە تالاي قېتىملاپ كۆرگەن، كۆرگەنلا ئەمەس ھەتتا بەزى مۈلۈكلەرنىڭ كېلىش مەنبەيىمۇ ئۇنىڭغا گويا كۈندۈزدەك ئايان ئىدى. مەسىلەن، ھېلىقى پاتىفوننى ئالايلۇق، پەيزۇللا ئۇنىڭ پەخرىدىننىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە ـــ شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلىنىڭكىدە كۆرگەنغۇ، ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇنداقتا ئىشنىڭ ئەسلىي جەريانى مۇنداق: پەخرىدىننىڭ ئاچىسى گۈلسۈم شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ماشىنسازلىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى قەيسەر ـــ يەنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلى بىلەن تويلاشتى. ئۇلار يېڭى ئائىلە قۇرۇپ، تېخى ئالتە ئاي بولمىغاندا قەيسەرنىڭ پاتېفون ئېلىش نىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېمەي ـ ئىچمەي دېگەندەك توّت ئاي جاپالىق كۈرەش قىلىپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن

گويا تۇنجى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندەك بەك خۇشال بولۇشتى. ئەمما كىم ئويلىغان دەيسىز، قەيسەرنىڭ ئاتىسى ئاڭلاپ تازا خاپا بولدى. «سەن ئائىلە باشقۇرۇشنى بىلمەيسەن، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق دېگەن نەرسىنى ئوقۇمىغانمۇ سەن؟ پۇلۇڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىڭدىن ئاشقان بولسا بانكىدا ئامانەت قويساڭ بولمايتتىمۇ؟ بىلىشىڭ كېرەككى، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ دەسمايىسى. بەتخەجلىك، نادانلىقنىڭ يا بولمىسا چىرىكلىشىشنىڭ ئىپادىسى» دەپ كايىغانىدى. قەيسەرنىڭ ئاتىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلاردىن بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇمۇ شەھەر باشلىقىنىڭ جىنايىتىگە ئايلىنىپتۇ - دە!

پەيزۇللا ئاشۇنداق ھېسسىيات ئىچىدە «ئاجايىپ - غارايىپلار» نىڭ ھەممىسىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى. ئاخىردا ئۇ كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ تامغا قارىدى. ۋاي دەرىخ! شۇنچە كۆپ ھەجۋى رەسىملەرنى كىم سىزغاندۇ؟ ئۇ، تامغا ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ يەردە ئۇنى ئەجەبلەندۈرگىنى — پەخرىدىننىڭمۇ بۇ ئىشقا چېتىشلىقى ئىدى. رەسىمدە شەھەر باشلىقى، ئۇنىڭ ئايالى، پەخرىدىن، قەيسەر، گۈلسۇم ۋە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىرگە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتاتتى. بۇمۇ قىزىق، پەخرىدىن ھېچقاچان شەھەر باشلىقى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچمەيتتىغۇ ياكى مەن ئۇچراتمىغاندىمەنمۇ؟ ياق، پەخرىدىننىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندىمۇ مۇنداق بولۇشى ئەسلا ئەقىلگە سىغمايتتى.

تۇيۇقسىز زالنىڭ ئىچىدە غوۋغا - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. «نېمە بوپتۇ، قانداق ۋەقە؟» چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان ۋەز - شىكايەتلىرىنى تولا ئاڭلاپ زېرىكىۋاتقان ئادەملەر توپى شۇ ھامان ھەممىنى تاشلاپ ھېلىقى

سۈرەن - چۇقان چىقىۋاتقان تەرەپكە ئاقتى. پەيزۇللامۇ چەتتە قالمىدى، ئۇ يېقىنراق كېلىپ قارىغانىدى ، ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىدە رەتلىك كىيىنگەن بىر ئوقۇغۇچى بىلەن پاكىنەك بىر كىشى ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي قانداقتۇر بىر نەرسە ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. ئۇ سەپنى ئارىلاپ، ئالدىغىراق كېلىۋىدى، ئۇلارنىڭ دەتالاشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولدى.

ئوقۇغۇچى ھېچنېمىدىن ھېيىقماستىن ئۈنلۈك - ئۈنلۈك ۋارقىرايتتى.

— دېگىنىم دېگەن. سەن مېنى نېمە قىلالايتتىڭ ! بۇ كۆرگەزمە ئەمەس، كىشىگە جىنايەت ئارتىش. مەن ساڭا ئېيتىپ قويايكى، بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە شۇنچىۋالا نەرسىنىڭ بىر ئائىلىدە بولۇشىغا كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئەگەر بولىدۇ دېيىلگەندىمۇ ئۇنىڭ نېمىسى يامان، قېنى سەن دېگىنە، سوتسىيالىزمنىڭ مەنىسى نېمە؟ باياشات ياشاشمۇ ياكى نان تىلەشمۇ؟

— پىتنە توقۇما ھارامزادە! ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ بولماي زادى كىمنىڭ؟ پىستە بويلۇق كىشى بۈرگىدەك سەكرەيتتى — سىلەر ئېيتىڭلارچۇ، كۆپچىلىك، بىزنىڭ نۆۋەتتە مۇشۇنداق قىلىشىمىزنىڭ پايدىسى بارمۇ - يوق؟ ئۇ، قوللىرىنى ئىككى يانغا يېيىپ ئارقىغا بۇرۇلىۋىدى، پەيزۇللا تونۇدى. ئۇ پۈتۈن شەھەر بويىچە «پىستە» دەپ نام ئالغان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىسكىلاتچىسى، مەشھۇر ئايغاقچىسى سىدىق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى سۇغا چۈشكەن ياغدەك پارقىراق، سېرىق تۈكلۈك يۈزلىرى يېڭى سويغان قوينىڭ گۆشىدەك تىترەيتتى. «پەخرىدىنىنىڭ ئەشەددى كۈشەندىسى» دەپ ئويلىدى پەيزۇللا: «ئۇنىڭ چېپىلمايدىغان ھېچنېمىسى يوق، ھارامزادە، ئوت قۇيرۇقى» ئۇ ھامان كۆڭلىدە ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا ھېسداشلىق بىلدۈردى.

ئوقۇغۇچى دېدى:

— مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ باشقىلارنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن، ئەمما مېنى ئالدىيالمايسەن! پاكىت: ئاۋۇ ئايكۇللۇك گىلەم شەھەر باشلىقىنىڭمۇ؟ سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، ئۇ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ. سەن ھارۋىغا بېسىۋاتقاندا مەن كۆرگەنغۇ؟ قېنى، ئەمدى بۇنىمۇ ئىنكار قىلامسەن؟

بۇ . . . بۇ . . بۇ . . سىدىق «پىستە» نىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، كېكەچلەپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ يېنىغا قەيەردىندۇر مارىيە كەلدى. ئۇ جېدەللىشىۋاتقان ھەر ئىككىيلەنگە جېدەللەشمەسلىك توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە تەسەللى بەرگەندەك بولدى - دە، ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— سىز قايسى مەكتەپتىن؟

— مالىيە - سودا مەكتىپىدىن.

— ھە، گىلەممۇ شۇ يەردىن كېلىنگەن ئىكەن - دە! — كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— بولدى، سىز كېتىڭ! بۇ ئىشنى بىز ئايرىمچە ھەل قىلىمىز — دېدى مارىيە ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا، ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ. ئوقۇغۇچى ئاستا كەينىگە چېكىندى.

— كۆپچىلىك داۋاملىق كۆرۈڭلار! بۇ كۆرگەزمە نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جانلىق بىر سىنىپىي كۈرەش دەرسى، دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان سەلبىي دەرسلىك، ياخشىراق كۆرەيلى!

توپلاشقان ئادەملەر بىردىن - ئىككىدىن قايتىشتى.

سىدىق پىستە مارىيەگە ئۆزىنىڭ باياتىن بېرى ئۇچرىغان دەرد - ئەلەملىرىنى شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

پەيزۇللا كەچ سائەت بەش يېرىمدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر ئىستاكان سوغۇق چاي ئىچكەندىن كېيىن بۈگۈن يولۇقتۇرغان ئىشلارنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ بۈگۈن كۈنگە نېمە؟ — دەپ

سورىدى.

— شەنبە، — جاۋاب بەردى خوتۇنى.

— كەچلىككە نېمە تاماق ئەتمەكچىسەن؟

— مانتا ئېتىمەن.

— گۆش بارمۇ؟

— گۆش سالمايمۇ مانتا ئەتكەن بارمۇ؟

— ئۇنداقتا پەخرىدىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايسەن - دە! ئۇ ياخشىراق ئوزۇقلىنىشى كېرەك.

— ئۇنىڭغا ئايرىم قىيما ئەتىمەن. ياغ، گۆشى جىقراق، پىيىزى ئازراق.

— سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولۇشقا لايىق، — ئۇ ئاستا خوتۇنىنى سۆيۈپ قويىدى.

پەخرىدىن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ھەركۈنى پەيزۇللا ئائىلىسى ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى تاماق-لاردىن يەتكۈزۇپ تۇراتتى. پەيزۇللانىڭ خوتۇنىمۇ بۇنىڭغا ھېچ-بىر ئۆكۈنمەيتتى. ھەقىقەتەن شۇ كۈنلەردە دوستلۇقنى سى-ناشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى. پەيزۇللا پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا — ئەلۋەتتە باشقىسى قولدىن كەلمەيتتى، — ئۆزىنىڭ پەخرىدىنگە بولغان قىيامەتلىك ساداقىتىنى ئىپادىلەيتتى.

پاك ۋاپادارلارنى سىنايدۇ دەرد - ئەلەم،
دەردكە دەرد قوشقان كىشى نائەھلىدۇر.

## يەتتىنچى باب

مۇخپۇل كەچكى گۇگۇمغا يېقىن ئاندىن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە بۇ ئائىلىدە قانچىلىك دىلغۇللۇقنىڭ بولۇپ ئۆتكەنـ-لىكى بىزگە تازا دېگۈدەك روشەن بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆينىڭ

ئىگىسىگە ئايان. مارىيە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى چۈشتىن كېيىن بەكمۇ ئالدىراش ئۆتتۇشتى. كەم نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، ئۆينى تۈزەشتۈرۈش، توخۇ ئۆلتۈرۈش ـ يۇلۇزلاش، سەي قورۇش، چاي قاينىتىش، كۆجە يېقىش. . . ھەممە نەرسە جاي ـ جايىدا تەقلەندى. بىراق، مېھمان تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. بىرەر مۇھىم ئىش چىقىپ قالغانمىدۇيە؟ ناۋادا، مۇھىم ئىشى بولغاندىمۇ چوقۇم كېلىدۇ، چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ ئۆزى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن قالمايمەن دېگەنىدى. شۇنداق، ئۇ كېلىدۇ، جەزمەن كېلىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيـ-لەن ئەنە شۇنداق گۇمانلىق خىياللارنىڭ ئىلكىدە مېھماننى ئوبـ-دانراق كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

مۇخپۇل قويۇق شاڭ ھىدىغا تولغان ئۆيگە كىرىپ، ئائىلە ئىگىلىرىگە ئادەتتىكىچە بىر قانچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تاماق شىرە-سىنىڭ يېنىغا ئەمەس، دېرىزە تۈۋىگە ئەپچىللىكىنە ئورۇنلاشتۇ-رۇپ قويۇلغان چاي جوزىسىنىڭ يېنىغا ـــ ساپاغا ئولتۇردى ۋە يېنىغا قويۇلغان «مودەن» ماركىلىق تاماكىدىن بىر تال ئالدى ـ دە، چاقماق چاقتى.

ـــ بۇگۈن سىلەرنى تازا بىسەرەمجان قىلدىم ـ ھە! ئۇ ئىستاكانغا قىزىق چاي قۇيۇۋاتقان مارىيەگە قاراپ ئېيتتى، ـــ خېلى بالدۇرلا كېلەتتىم، بىراق، سائەت ئالتىدە يۇقىرىنىڭ بىر پارچە جىددىي يوليۇرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىكلەش يىغىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىـ-لەن بولۇپ كېتىپ بىر ئاز كېچىكتىم. ئەپۇ قىلىسىز؟!

ھەئە تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. يوليۇرۇققا قارىغانـ-دا ئەتە تىيەنئەنمىن مەيدانىدا كاتتا يىغىلىش بولىدىكەن، مۇئاـ-ۋىن باش قوماندان لىن بياۋ مۇھىم نۇتۇق سۆزلىمەكچى. . .

ـــ بۇ بىزگە ئىلھام ۋە مەدەت. مۇخپۇلنىڭ چىرايىدا

تەكەببۇرلۇق كۆلكىسى ئەكس ئەتتى.

— ھەي، ئۇنداقتا بىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ سىستېمىسىغا ئەتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش بېرىلمىدىغۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىز ئۈچۈن مەن ھەممىنى ئالدىنئالا جۆندەپ قويدۇم، قانداق رەنجىمەيدىغانسىز؟

— رەھمەت سىزگە.

ئۆينىڭ ئىچىنى بوغۇق ۋە سەت كۈلكە ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىگە ئاخىرقى بىر چىنە گاڭپەن بىلەن مېھرىگىيا چىلانغان بىر بوتۇلكا ھاراق قويۇلدى.

— قېنى، مەرھەمەت، ئورۇندۇققا كېلىڭ!

ئۈچ كىشىنىڭ ئورنىدىن تاماق شىرەسىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ بۇلۇڭلۇق غەلىتە بىر بۇرجەك شەكىللەندى. چوكىلار، قوشۇقلار، خىلمۇخىل خۇش پۇراقلىق سەي تەخسىلىرىنىڭ ئۈستى بىلەن قوپال ھەمدە كېلەڭسىز ئېغىزلارنىڭ ئارىلىقىدا تىنىماي چېپىشماقتا. قېنىق دەملەنگەن چايلار تۆكۈلمەكتە... ئىچى يامان قورساقلار بىر پەس ئەيلەنگەندىن كېيىن، مارىيە ئەينەك رومكىلارغا ھاراق تۆكتى.

— قېنى، ئېرىشكەن غەلىبىلىرىمىزنىڭ شەرىپىگە.

— كەلگۈسى ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە.

— پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە.

رومكىلار جاراڭلاپ كەتتى.

ھەرقانداق جىمغۇر ئادەممۇ ھاراققا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن سۆزمەن بولۇپ كېتىدۇ. تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر ھاراق - تاماكا ئارقىلىق دوست تاللاپ، ئورۇننىڭ ئىززىتىدىن بولسىمۇ بىر - بىرىگە ئۆمۈرلۈك يېقىنچىلىق، ساداقەتلىك، جان كۆيەرلىك ۋەدىلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋېتىشىدۇ. قىسمەنلىرى شۇ قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن كېيىن قانداقتۇر كۆڭۈلسىزلىككە ياكى ھاراقنىڭ «چىشلىۋېلىشى» غا دۇچ كېلىدۇ -

ده ئىككىنچى ئىچمەسلىككە پەندىيات، قەسەمىيادلارنى قىلىشىدۇ. شۇڭا قايسىدۇر بىر خەلق شائىرى بۇ ھەقتە مۇنداق بىر پارچە ھەجۋى شېئىر يازغانىكەن:

ئۈچ تالاقتىن ـ ئۈچ تالاق،
كۆڭلۈم قالدى ھاراقتىن.
ھاراق دېگەن ناكەسنى،
كىم ئالغاندۇ بۇلاقتىن.
ھاراق ئىچتىم مەس بولدۇم،
كارىز ئىچرە دۇم بولدۇم.
شۇنداق يازسام كۆپ غەۋغا،
قانجۇق بىلەن دوست بولدۇم.

ئاشۇنداق قەسەمگە ئامراق ئادەملەر قوۋمىدىن ھېسابلانغان مارىيەنىڭ ئېرىمۇ، بۇگۈنكى سورۇندا — مۇخپۇلنىڭ ئالدىدا بىر ئازمۇ ۋەدىسىدە تۇرالمىدى. بۇ يېنىدىكى ئىككى ئۆلپىتىگە ئوخشاشلا ئالدىغا كەلگەن رومكىلارنىڭ بارلىقىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا قۇرۇقداپ ئولتۇراتتى.

— ھاراق، — دېدى مارىيەنىڭ ئېرى، سەل كەيپ بولغاندا، — ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا دىنسىزلىق دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەمما، ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئورگانىزمغا بەلگىلىك پايدىسى بار نەرسە، مەسىلەن، تاماق سىڭدۇرۇش ، ئاقسىللارنى پارچىلاش ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى پەيدا قىلىش. . .

— ئەمما سىز ئۆزىڭىز كۆپ ئىچمەيدىكەنسىزغۇ؟ — مۇخپۇل پاراڭغا ئارىلاشتى.

— ئىچمەسلىك ئەمەس، ئاز ـ تولا ئىچىپمۇ قويىمەن. بىراق مەن دوختۇر بولغاچقا كۆپ ئىچىش ياخشى ئەمەس دېگەن

قاراشتىمەن، چۈنكى ھەرقانداق دورا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە زەھەرگە ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

— قويىڭە بۇ گەپلىرىڭىزنى، — دېدى مارىيە ئېرىگە ئالىيىپ.

— سەن ئورگانىزم، ھۈجەيرە دېگەن نەرسىنى چۈشەنمەيسەن. ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئورگانىزمى ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن. ئەگەر ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ئاڭلىق تۈردە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرمايدىكەن، ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ. ھۈجەيرە ئۆلدى دېگەن سۆز ھاياتلىق ئۆلدى دېگەن گەپ. ھاراق ھۈجەيرىلەرگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئاز راق ئىچىش كېرەك. ئۇنى ئەلۋەتتە سەن چۈشەنمەيسەن.

«ئازراق ئىچىش كېرەك» دېگەن سۆزدىن مارىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ، مۇخپۇلنىڭ «مارىيەنىڭ ئېرى ھاراقنا چىددىمايۋاتامدۇ قانداق» دېگەن ئويغا كېلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ تەشۋىشلەنگەندى، لېكىن مۇخپۇل ئۇنداق ئويدا بولماپتۇ.

— ئېيتقىنىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق. بىراق، بۇنى مارىيە خېنىم چۈشەنمەيدۇ، دېسىڭىز مەن قوشۇلمايمەن. سىلەر دوختۇرلار قانداقتۇر ئورگانىزم، ئاقسىل، مىكروپ دېگەنلەرنىلا چۈشىنىسىلەر. ئەپسۇسكى، مارىيە خانىم بىلەن بىز بولساق ئورگانىزمشۇناسلار ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتشۇناسلارمىز. بىز جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئورگانىزمنى ئۇنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە پىششىق بىلىمىز. بۇ ئەلۋەتتە سىز ئېيتقان ھۈجەيرىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئېيتايلۇق، مېدىتسىنا ئىلمى تەتقىق قىلىدىغان ھۈجەيرە، بىر پۈتۈن ئورگانىزمنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان ھۈجەيرە. ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىغاندىمۇ ھېچ بولمىسا مىكروسكوپ ياردىمى بىلەن كۆرۈش مۇمكىن. لېكىن، جەمئىيەتتىكى ھۈجەيرىلەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پۈتۈن ئورگانىزمنى قوغداۋاتقان ھۈجەيرىلەر-

مۇ، بۇزغۇنچىلىقا ئۇچرىتىدىغان ھۇجەيرىلەرمۇ بار. بۇ ئىككى خىل ھۇجەيرە — ئىككى سىستېما، ئىككى قۇتۇپ. ئۇنى سىلەرنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن مىكروسكوپىڭلارمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ تەتقىق قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر پەن. ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ پەقەت بىرلا ئۇسۇل — ئۇ بولسىمۇ سىياسىي كۆرەش، سىياسىي مىكروسكوپقىلا تايىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى ناتايىن، شۇنداقمۇ؟

مۇخپۇلنىڭ تەھلىلىدىن مارىيە ئۆزىدە پەۋقۇلئاددە بىر ئارامبەخشلىك سەزدى. ئۇ، ئېرىگە قارىدى.

— سىزنىڭ تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىڭىز بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەن. مەن جەمئىيەت ئىلمىدە كەسىپ ئەھلى بولمىغىنىم ئۈچۈن، تېخى سىزدەك مۇنداق چوڭقۇر پەلسەپىۋى خۇلاسە چىقىرىشقا كۆپ ئاجىزلىق قىلىمەن.

مارىيەنىڭ رەڭگىدە بىلىنەر - بىلىنمەس مەمنۇنىيەتچىلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇ، ئەمدى ئېرىدىن رازى بولدى. چۈنكى ئۇ، مۇخپۇلنى تازا جايىدا بىر ماختاپ قويدى - دە!

— ھاراق بوتۇلكىسى يەڭگۈشلەندى. رومكىلار داۋاملىق ئىشلىمەكتە.

— خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك. سىز بىلىسىز، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشلار تېخى بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانلىرىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمى — ھارپىسى ھېسابلىنىدۇ.

— توغرا بۇنى ھارپا دېيىش كېرەك. كەلگۈسىدە بىز يېڭى بىر دۇنياغا، كونا كۈچلەر تامامەن يوقالغان دۇنياغا ئېرىشىمىز. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» — مارىيە سۆز قىستۇردى. ئارىلىقتا كۆپلىگەن چىكىش پاراڭلار بولۇپ ئۆتتى. گەپ - سۆزلەرمۇ ئۈزۈلمەيتتى. بۇ گويا كىشىگە پىتنىقلاپ

قايناۋاتقان داشقايناقنى ئەسلىتەتتى.

ۋاقىت خېلى بىريەرگە بارغاندا سۆھبەتنىڭ ئەپلىك بىر يېرىگە قىستۇرۇپ، مارىيە مۇخپۇلدىن پەخرىدىنىنىڭ مەسىلىسى-نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سورىدى.

— ھە، ئۇ گەدەنكەشنى دەمسىز، چارىسى ئاسان. قارد-غاندا ھازىر بۇ نېمىلەرنىڭ ھەممىسى بىر كۆسەيدە ئوت كوچىلا-ۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچقانچە يېگىلىقمۇ يوق. شۇڭا كۆ-رەش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ئۆز ئورنىدا كۇندۇزى ئەمگەك قىلسۇن، كېچىسى مە-سىلە تاپشۇرسۇن. كېيىنكى ئىشلارنى ۋاقتى كەلگەندە بىر نەرسە دېيىشەرمىز، ئاممىنى بەكرەك قوزغاپ پاش قىلىش كېرەك. يەنە پەخرىدىنىنىڭ يۇرتىغا ئادەم ئەۋەتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ! تارىخىنى تەكشۇرۇپ كەلسۇن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغۇدىم، لېكىن...

— ئىككىلەنمەڭ، مۇشۇنداق قىلىش تېخىمۇ پايدىلىق، تورنى كەڭ يېيىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش دېگەن مانا مۇ-شۇ.

ئىككىنچى قېتىم تاماق كەلتۇرۇلدى. مېۋە - چېۋىلەر قويۇلدى. كەيپىلىك دېگىزىغا غەرق بولغان بۇ مەخلۇقلار ئالدىغا قويۇلغان نەرسىلەرنى خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك، غارسىمان ئېغىزلىرىغا ئىتتىك - ئىتتىك تىقىشماقتا ئىدى.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشۇپ، كېچە سائەت ئىككى بولغاندا مۇخپۇلنىڭ شوپۇرى يېتىپ كەلدى. مۇخپۇل ماشىنىغا ئولتۇر-غاندا ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۇنمەيتتى. ھەممە ياق قاپقارا زۇلمەت ئىدى. ساھىبخان ئۇنى بىر تالاي ياسىما سۆزلەر ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدى. قارا سىرلىق پىكاپ ئاستا - ئاستا شەھەر كوچىسىدىكى زۇلمەت ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

*   *

مارىيە بۈگۈن كېچە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. گەر-
چە ئۇ، بۇ قېتىمدا خېلى كۆپ چىقىم تارتقان بولسىمۇ، ئەمما
كەلگۈسىدە ئۈنىڭدىنمۇ كۆپرەك مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋالالايدى-
غانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھەممە نەرسىنى
چەكسىز بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ھېس قىلاتتى. شۇنداق ئە-
مەسمۇ؟ قاراڭ، ئۇ ئۆزى شۇنچە كۆپ ئىچكەن بولسىمۇ ھېچ
نەرسە بولمىغاندەك تۇرمامدۇ؟ بۇ، خۇشاللىقتىن بولماي نېمە-
دىن بولاتتى. ئۇ ئېرىدىنمۇ رازى ئىدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا
بولسا ئۇ ئازراق كۆپ ئىچىۋەتسىلا ھايالسىز ياندۇرۇپ قۇسۇۋې-
تەتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى. ھەقىقەتەن مېھماننىڭ
ھۆرمىتىنى ساقلىدى. ھېچقانداق ئۇياتلىق ئىش يۈز بەرمىدى.
ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالغان بولسا، نېمىدېگەن شەر-
مەندىلىك بولاتتى ـ ھە! شۇڭا ئۇ خاتىرجەم ئىدى. بۇمۇ ئىنسان
ئۈچۈن بىر چوڭ بەخت ـ تە، توغرا، چوڭ بەخت. ئۇ بەلكىم
كەمدىن ـ كەم ئادەملەرگىلا نېسىپ بولسا كېرەك. دۇنيادا ماڭا
ئوخشاش ئاياللار ئازمىدى؟ شۇنداق، بەخت دېگەن بۇ نېمە دۇنيا-
دا پەقەت تەلىيى ئوڭ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەمگە ئۈچرايدى-
غان بىباھا گۆھەر. تەلەيسىزلەر بولسا ئۈنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەل-
مەيدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق بەختلىك تۇيغۇنىڭ ئىچىدە ئۇيقۇ ئارد-
لاش يوتقىنىغا كىردى؛ بەلكىم بۇ كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭ
ئامەتنىڭ ئەلچىسىدۇر. شۇنداق، ئۆزۈن قالماي تېخىمۇ چوڭ
ئامەتكە ئېرىشىپ قالسامۇ ئەجەب ئەمەس، ئەجەب ئەمەس،
ئەجەب ئەمەس...

## سەككىزىنچى باب

ئۇ، بۇرۇن پەخرىدىن بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى كۈنلەردە

تەقدىرىمىز مۇشۇنداق بولار دەپ يادىغىمۇ ئالغانمىدى؟ ئۇ، ئۇ-زىنىڭ ھاياتىدىن، ئۆزىنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىدىن نېمىلەرنى كۈتمىگەن؟ ئۇ قانچىلىغان ئۈيقۇسىز ئاخشاملاردا، قانچىلىك يالقۇنلۇق ناخشىلاردا بۇ ھەقتىكى شېرىن ھېس - تۇيغۇلاردا بولمىغان دەيسىز؟! ئۇ پەخرىدىن بىلەن بىللە ۋەتەن، خەلقنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن ئىجادىيەتنىڭ بىپايان ئاسمىنىدا قانات قاققان جۈپ قۇشتەك ئەركىن ئۇزۇپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلماي قالغانمۇ؟! ئۇلار تېخى، مېھرىبان ئەر - خوتۇن بولۇپ بەختى-لىك ئائىلە قۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ چاغدا، دەپ ئويلايتتى شاھسەنەم شۇ كۈنلەردە، ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىزمەتلىرىنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىنسانىيەتنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق روھىي ئىنژېنېرلىرى بولسا، پەخرى-دىن ئەسەر يازسا، ئۇ ئاققا كۆچۈرۈپ بەرسە، يەنە بېلىقتەك سېمىز قاپقارا كۆزلۈك، كەڭ غوللۇق پەرزەنت كۆرسە، ئېخ، تۇرمۇش، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن بەختلىك ئۆتمەيتتىمۇ؟! ئۇ كۈن-لەرگە يەتكەندە بۇلارنىڭ ئائىلىسىدە باشقىلارغا ئوخشاش ئەرزى-مەس، بىھۇدە جاڭجاللار بولمايتتى، ھېچ نەرسە سېنىڭ - مېنىڭ دەپ ئايرىلمايتتى. ھەممە نەرسە گۈزەل جەمئىيەتتىمىزگە ئوخشاش كۆركەم ۋە بەختىيارلىقتا ئۆتەتتى. كىم بىلىدۇ، تۇر-مۇش مۇھەببەتنى يەڭدى. نوتا - سۇمبۇللار كۆكلەپ ، ھاياتنىڭ خۇش ھاۋالىق باھارى جىلۋە قىلىشقا باشلىۋىدى، ھەسەتخور قارا بوران ھەممىنى يوققا چىقىرىۋەتتى، توغرا، ھايات بەزىدە قور-قۇنچلۇق بىر ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاپمۇ قالىدۇ. شىكارغا چىققان سەييادقا ھېچ نەرسە زىيان بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا بارلىق بەدەلنى يەم بولغۇچى بىچارە جانۋار تۆلەيدۇ. بۈگۈنكى زاماندا قارا كۆڭۈللەر شۇنچىلىك ئەتىۋار، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر شۇن-چىلىك خارلىنىۋاتىدۇ. ئېخ، ئەركىنلىككە زار بولغان ئوتلۇق يۈرەك، سەن نېمىلەرنى ئارزۇ قىلمايسەن - ھە!

شاھسەنەم پەخرىدىن تەقىبلەنگەندىن بېرى، ئۇنىڭدىن ھېچ-قانداق خەت - خەۋەر ئالالمىدى. نېمىشقا شۇنداق بولدى؟ ئۇ قورقتىمۇ؟ ياكى ئەمدى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ قانداقمۇ ئۆزىنىڭ پاك - بىغۇبار ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچەلىسۇن؟! بۇ، نومۇسسىزلىق ئەمەسمۇ ئاخىر!

ئىش ئەسلىي مۇنداق: شاھسەنەمنىڭ ياتىقىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇنى «جىن - شەيتان»غا چېتىشلىق دەپ ھېسابلاپ، كۆپ قېتىم سوئال - سوراققا تارتتى. پەخرىدىننىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىشقا قىستىدى. شۇندىمۇ شاھسەنەم قىلچە تەۋرەنمىدى. ھەرقاچان گەپ قىلىش-تىن ئۇن - تىنسىز تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك سۇغۇرۇشقا «ئۇستا» سوراقچىلار ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇ-ۋېلىپ كاچاتلاپ، مۇشتلاپ كاللىسىنى تامغا چاقتى، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى قامال قىلىندى. مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقىش ھو-قۇقى مەنئى قىلىندى. ئايال ئوقۇتقۇچى — قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە يۈرۈپ - تۇرۇشمۇ قاتتىق چەكلەندى. مانا مۇ-شۇنداق جىسمانىي جەھەتتىكى ئېغىر قىيىن - قىستاق، روھى جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ تەسىرىدە ھېچنېمىگە ئەقلى ئىشلىمەيدىغان، پەخرىدىندىن باشقا ھېچقانداق سۆزنى تىلغا ئال-مايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر يىراقتىن قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ماڭغان - تۇرغىنىنىڭمۇ تايىنى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ گەپ قىلمىغاندىكىن، مەكتەپنىڭ «ئىنقىلابچى ئەمەلدارى» ئۇ مەسىلە تاپشۇرۇشتىن قېچىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەجەبا «ئەتەيلەك ئەمەسمۇ» دەپ گۇمانلىناتتى.

ئېھتىمال سىزمۇ كۆرگەن بولغىيدىڭىز، يېقىندىن بۇيان، ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ مەكتەپ باغچىسىنىڭ ئىچىدىكى چوڭ چىنار تۈۋىدە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گويا ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك يالغۇزدىن يالغۇز خىيال سۈرەتتى. ھازىرمۇ ئۇ شۇ

يەردە ئولتۇرۇپ، پەخىرىدىننى ـــ سۆيۈملۈك ئاشىقىنى ئەسلە-
مەكتە.

ئۇ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۆك-
سۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان
تارام ـ تارام ياش ئۇنچىلىرى شۇ تاپتا ئورۇندۇقنىڭ ئارىلىقلى-
رىدىن ئۆتۈپ پەستىكى قۇمساڭغۇ تۇپراقنى نەملەشتۈر-
دى. . . . ئۇ ھەسرەت ۋە ئاچچىق ئەلەمنىڭ بىردىبىر گۇۋاھچى-
سى ئىدى. شۇ دەم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا گويا قۇرۇق قومۇشقا
قاراپ يامرىغان ئوتتەك سىغىنىش ۋە تەلپۈنۈشنىڭ مىسلىسىز
ئۇلۇغ يالقۇنى تۇتىشىپ كەتتى. ئېخ، مېنىڭ قەدىرلىكىم سەن
قەيەردە؟ شۇ كۈنلەردە سەن نېمە دەرد ـ ئەلەملەرنى كۆرۈۋاتىمدى-
غانسەن ـ ھە!

* *

بۈگۈن شەھەر كوچىلىرىدا ئادەملەر ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ
ئىدى.

كوچىلاردا، تىجارەت دۇكانلىرىنىڭ پەشتاقلىرىدا،
قەۋەت ـ قەۋەت ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدە . . . ئىشقى-
لىپ، شەھەر كوچىسىدا بولۇۋاتقان ھەربىر ھادىسىنى ئېنىق
كۆرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە كىشى-
لەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، قىستىشىپ گويا ھېچكىم ـ
ھېچكىمگە يول بەرمەيۋاتقاندەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، بولغۇ-
سى ۋەقەلەرنى كۈتۈپ شەھەر كوچىسىغا قاراپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇ-
شاتتى.

بۈگۈن بۇ قەدىمىي شەھەردە نېمىلەر بولماقچىكىن؟ ئادەم-
لەر شۇنچە ھەيران قالغۇدەك ئويۇنلارنى زادى قانداق داڭلىق
ئارتىسلار ئوينىشىدىكىن؟ سېرىكمىدۇ ياكى چامباشچىلارمۇ؟

ياق، قەدىرلىك كىتابخان، شەھىرىمىزدە مۇنداق ئويۇنلار-نىڭ ئومۇرتقىسى ئۇزۇلگىنىگە بىر قانچە ئاي بولۇپ قالدى. بۇگۇن بۇ يەردە ئۇنى كۆرۈش ئەمەس، ھەتتا ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر دەھشەت! ئەمىسە، ئېيتىڭچۇ، بۇگۇن شەھىرىڭىزلەردە زادى قانداق مەشھۇر ۋەقە بولماقچىكىن؟ قاراڭ! ئەنە كېلىۋاتىدۇ، كۆردىڭىزمۇ؟

دۇمباق، جاڭ، شوئارلارنىڭ ۋەھىمىلىك ساداسى ئىچىدە يىراقتىن بىر توپ قەغەز قالپاقلىق كىشىلەر قوشۇنى كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە گېزىت قەغىزىدىن ياسالغان ناھايىتى ئۇ-زۇن ۋە بەكمۇ سەت قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، بارچىسى-نىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە شوينا ۋە تاناپلار بىلەن چېتىقلىق ئىدى. يۇز - كۆزلىرى بولسا، ئاق، قىزىل، قارا. . . ھەر-خىل بوياقلار بىلەن ئالا - بالداق بويىۋېتىلگەن، قىياپىتىدىن ھېچقايسىنى تونۇۋالغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىسى-نىڭ ئىشتانلىرى تىزىغىچە تۇرۇلگەن بولۇپ، پاچاقلىرىنى قاپ-قارا سىياھ بىلەن خۇددى قارا ماي سۈركەلگەن تېلېفون ستولبى-لىرىدەك قىلىۋېتىشكەن. ئۆشنىلىرىگە چوڭ قارا خەتلەر يېزىل-غان سارغۇچ ئاق لاتىلار چاپلانغانىدى.

بۇ كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەپ بىر شائىرمۇ مۇنداق يازغاندىكەن.

تىككەن دوپپاڭ چىرايلىق،
ئەپكەل بېشىمغا لايىق.
كىيىپ ئۆتسەم كوچاڭدىن،
ھەيران قالسۇن خالايىق.
مەن ئۆزۈم غېرىب بەندە،
كىيىشىم كۆلا - جەندە.
ماڭا كەلگەن دەرد - ئەلەم،

قايدىن بولدى بەخشەندە.

— بۇ نېمە ئادەملەر؟

سورىغىنىڭىز تۇزۇك. ئۇلار، پۈتۈن شەھەر بويىچە ھەر قايسى سەپلەردىن تارتىپ چىقىرىلىپ، بىر قانچە ئايدىن بۇيان پېپەن - كۆرەش قىلىنىۋاتقان، «گېزەندە» «جىن - شەيتان» دەپ ئايرىپ قويۇلغان ئادەملەر. قاراڭ، ئاۋۇ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان كىشى شەھەر باشلىقى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشۇ كىشىدىن باشلاپ تاكى ئەنە ئاۋۇ ھارۋىكەشكىچە ھەممىسى بار.

سازايى قىلىنغان قوشۇن داۋاملىق ئالغا ماڭماقتا. دۇمباق، جاڭ، شوئارلار توختاۋسىز ۋەھىمە سېلىپ ئۆتمەكتە. . .

شاھسەنەم ئاھ - پەرياد كۆتۈرۈپ، ئىنتىزارلىق بىلەن چاقىرىۋاتقان سۆيۈملۈك ياش شائىر پەخرىدىن سازايى قىلىنغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى يەتتىنچى رېتىدە — سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى ناسىر مۇئەللىمگە چېتىقلىق ئەدى. قالپاق كىيگەن ئادەملەرنىڭ ئىككى يېنىدا بىر نەچچە ئون ئادەم ئۇلارنى «مۇھاپىزەت» قىلىپ ماڭاتتى. ھەر ئىككى مېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «ئاۋازى تۇزۇك» شۇ ئاۋازلار قەدەمدە قۇلاقنى ئۇششۇتۇپ، چالا بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن ئۆكۈزدەك ھۆركىرەپ شوئار توۋلايتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى «ئىنقىلابىيلىقى كۈچلۈك» بولغان ئاندا - ساندا ئادەملەر ئۆزئارا دوست تارتىشىپ، شوئارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى - ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئەگىشىپ توۋلاپ قوياتتى. پەخرىدىن ئۆز كۆڭلىدە «كارامەت» نىڭ بۇ «ھېكمىتى» گە مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، ئۇن - تىنسىز كېتىپ باراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىش

كەلدى بولغاي، يېنىدىكى ناسىر مۇئەللىمنى نوقۇدى.
— كۆردىڭىزمۇ؟ بىزمۇ ئانچە ئاز ئادەم ئەمەسكەنمىز.
— ئەلـۋەتــتە ئاز ئەمەس، بــەش يــۈز ئادەم دېگىنە، قېنى؟! — ناسىر مۇئەللىم ئىككىلەنمەيلا ئېيتتى.
— بەش يۈز؟!
— ھەئە، بۈگۈن بىر - بىرىگە چېتىلىپ سازايى قىلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى بەشيۈز.
— مۇنداق دەڭ، ئۇنداقتا بىزمۇ خاتىرجەم بولساق بولىدىكەن.
— نېمىشقا؟
— قېنى سىز ئويلاڭچۇ، بىزنىڭ مۇشۇ قۇشقاچنىڭ كۆزىچىلىك بىر شەھەردە بىر قېتىمدا سازايى قىلىنغانلارنىڭ سانى بەش يۈز بولغاندا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شۇنچە كۆپ شەھەر، ناھىيىلەردە قانچىلىك ئادەم بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغاندۇ؟ بۇ سان ئازمۇ؟ مەن مۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ بىر يولىلا يوقىتىلماقچى بولغانلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، سىزچە قانداق؟
— گېپىڭ توغرا، بۇ ئەلۋەتتە ئاز سان ئەمەس، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدۇ.
— قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈنكى سازايى قىلىنىشتىن بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتىم: بىر يولى يوقىتىشمۇ قىيىن.
— . . .
ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەخرىدىن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن چىقىرىلىپ، مەدەنىيەت يۇرتىغا — ئاممىنىڭ نازارەت بىلەن ئۆزگەرتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.
ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر باشلاندى. ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، گەندە - سۈيدۈك توشۇش، ياغاچ كۆتۈرۈش، شال تارتىش، سۇۋاقچىلىق قىلىش. . . ئۇنىڭ دۈمبىسىدە «ئەكسىل-

ئىنقىلابچى» دېگەن چوڭ قارا خەت يېزىلغان سارغۇچ لاتا كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى.

## توققۇزىنچى باب

پەيزۇللا «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» غا بارىدىغان ئاچا يولدا ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يول مېڭىشۇىدى، دوختۇرخانىنىڭ تونۇش ئاق سىرلىق دەرۋازىسى كۆرۈندى.

— يەنە كەپسىزدە، — دېدى ئىشىك باقىدىغان كەكە ساقاللىق كىشى، ئالدىغىراق كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى — سىز ھەقىقەتەن ۋاپادار ئادەم ئىكەنسىز.

— ۋاپا كۆرسىتىش كېرەك تاغا، — دېدى پەيزۇللا، ھازىر ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىدىغان مەندىن باشقا ھېچكىشى قالمىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى مېنىڭدەك بىر كىشىگە ھاجىتى چۈشىدىغان قىز ئىدى دەپ ئويلامسىز؟ ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ بۇنداق ئويلىمايتتى. ئۇ پاكىز، چىرايلىق، بىلىملىك قىز ئىدى. بىراق، يىگىتى تۇتۇلىشۇىدى، ئۇمۇ ئازابقا دۇچار بولدى. ئۇنى بۇ ئالەمنىڭ تاش يۈرەك ئادەملىرى زەخىملەندۈرۈپ كاردىن چىقىرىشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى يىل بۇرۇن دادىسى كۆرەش قىلىش، پېپەن قىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقتا ئېلىنىپ، زىيانكەشلىك قىلىنىپ، پاجىئەلىك ھالدا ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن. . .

— مەن ئۇنىڭ دادىسىنى تونۇيمەن، — ئىشىك باقىدىغان ئادەم پەيزۇللانىڭ گېپىنى بۆلدى، — قايسىدۇر بىر يىلى بىز قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا كۆرۈشكەن. بىزگە ئۆز ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغان، ئۇ بەكمۇ ئوڭلۇق، خۇش مۇئامىلىلىك ئادەم ئىدى.

— مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئازابلىنىۋېرىپ مېڭىسىنىمۇ كاردىن چىقىرىپ قويدى، ئېلىشىپ قالدى.

— ئەمدى نېمە دېگۈلۈك، بولىدىغان ئىش بوپتۇ. يوقلاپ تۇرۇڭ. ئاجىزغا يار - يۆلەكتە بولۇش ئىنسانغا ساۋاب.

— جاڭ دەيفۇ باردۇ؟

— بار، يېقىندىن بۇيان بىر يەرگىمۇ بارغاندەك ئەمەس.

— رەھمەت سىزگە.

ئۇ جاڭ دەيفۇ بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئۇلپەتچىلىك تارىخىغا ئىگە. تۇنجى قېتىم ئۇلار 1964 - يىلى تونۇشتى. ئۇ چاغدا جاڭ دەيفۇ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى. شۇ يىلى جاڭ دەيفۇ ئىشلەۋاتقان بۆلۈم مېدىتسىنا سېپى بويىچە قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. پەيزۇللا بۇ يەرگە مۇخبىرلىق بىلەن كەلدى. ئۇ دوختۇرخانىدا تۇرغان ئىككى كۈن جەريانىدا ئاساسلىق دوختۇر جاڭ دەيفۇ بىلەن ناھايىتى كۆپ ۋە ئىنچىكە پاراڭلاشتى. شۇ ۋاقىتتا جاڭ دەيفۇ كۆپلىگەن مېدىتسىنا ئىلمى قائىدىلىرىنى پەيزۇللاغا تەپسىلىي تونۇشتۇرغانىدى. مانا يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن توققۇز قېتىم كۆرۈشتى. ئەمما نۆۋەتتىكى كۆرۈشۈشلىرى قانداقتۇر ماقالە يېزىش ياكى تەجرىبە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بولماي، بەلكى ھالاكەتلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرىغان بىر سۆيۈملۈك قىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئىدى.

پەيزۇللا جاڭ دەيفۇ بىلەن بىللە شاھسەنەم تۇرغان قورۇغا كىردى. ھەي ئىستتەي، شۇنچە ئېسىل، گۈزەل بىر قىز مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى - ھە! شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىرىكى لاتاپەتلىك، خۇش تەبەسسۇم، سۆزمەن، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە شاھسەنەم ئەمەس، ئەكسىچە، چاچلىرى پاخپاق، كۆزلىرى ئۈڭكۈردەك ئولتۇرۇشقان، ئۇستىخانلىرى ئىسكىلىتقا ئوخشاپ كۆرۈنۈپ تۇرغان، قاسماق يۈز، جۇل - جۇل كىيىملىك

بىر سارالڭ ئايال تىنىمسىز يەرنى تاتىلاپ، قانداقتۇر سىغىنىزدەك بىر نەرسىلەرنى تېرىپ ئاغزىغا سېلىۋاتاتتى. پەيزۇللانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىنسان چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە ئەلەم، خۇرسىنىش، ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشتى.

— شاھسەنەم، مەن پەيزۇللا!

— . . .

شاھسەنەم پەيزۇللانى تونۇمىدى، شۇنداقتىمۇ كۈلۈمسىرىدى. ئاھ، شاھسەنەم سەن نېمە بولغانسەن، نېمە گۇناھ قىلغانسەن؟ سەندە گۇناھ يوق، سەن گۇناھسىز!

پەيزۇللا جاڭ دەيفۇغا قارىدى.

— يېقىندىن بېرى روھىي كېسەللەرگە ئىشلىتىدىغان دورىلىرىمىز تۈگىدى. ئالدىنقى قېتىم بىر ماشىنا دورا سېتىۋالغانىدۇق. توشۇپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ئەلەم كۆرۈشكە يولۇقۇپ ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى. بىزمۇ ئامالسىز قېلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېستىرالىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى «ئىنقىلابچى» بولۇپ كەتتى. خىزمەتكىمۇ خوشياقسا كېلىدۇ. بولمىسا كەلمەيدۇ، — جاڭ دەيفۇ پەيزۇللاغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى.

— ئۇنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ئەكەلگەندىن كېيىن سىز ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردىڭىز، سىزگە رەھمەت، شۇنداقتىمۇ نۆۋەتتە يەنە كۆپرەك ياردەم قولىڭىزنى سۇنىسىڭىز؟

— مېنىڭ كەسپىم دوختۇر، ۋەزىپەم كېسەل داۋالاش، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئەلا نەرسەم يوق، ئەمما مەندە شۇ دورا كەمچىل. بولمىسا. . .

— دورىنىڭ ئىشىنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەن بىر ئامال قىلاي، ئۇنىڭغىچە بۇ قىزچاقنى تاشلىۋەتمىسىڭىز؟

— ناھايىتى ياخشى، مەندە يەنە بىر قۇتا دورا بار. سىز

دورا يەتكۈزگۈچە شۇنى ئىشلىتىپ تۇراي، دورا ھەل بولغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق داۋالايمەن.

— رەھمەت سىزگە.

— تەكەللۇپىڭ نېمە ھاجىتى، بىز ئۆز ئادەمغۇ، چىڭ تۇتۇپ داۋالىساقلا ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ!

پەيزۇللانىڭ كۆڭلى سەل تىنجىغاندەك بولدى. ئۇ شاھسە-نەمنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— شاھسەنەم، مەن پەيزۇللا، مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟

خۇداغا شۈكۈر، شاھسەنەم پەيزۇللانى ئاخىرى تونۇدى. ئۇ، پەيزۇللانىڭ قولىنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويدى ۋە شۇ ھامان كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. پەيزۇللامۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— جانىڭ دەيغۇ، ئەمدى مەن كېتەي، ماۋۇ سومكىدا شاھ-سەنەمگە ئازراق شېكەر، ئۈزۈم، ھەسەل، شۇنىڭدەك بىر قۇر كىيىم - كېچەك ئالغاچ كەلگەنىدىم. كىيىمنى خىزمەتچىلەر ئارقىلىق كىيگۈزۈپ قويارسىز، ماۋۇ بۇيۇملارنى ئۆزىڭىز ساق-لاپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئىشلىتىپ بېرىڭ. ئانىسىمۇ مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ.

— بولىدۇ، خەير - خوش!

— خەير - خوش شاھسەنەم!

— . . .

پەيزۇللا دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىققاندا ئۇنىڭ ئالدىدا يەنىلا شۇ شاھسەنەم ئىككى خىل ھايات، ئىككى خىل تەقدىر تۇراتتى. ئەنە، بىر تەرەپتە ئەسلىدىكى شاھسەنەم: ئوتقاشتەك تۇتۇن ياغلىق، سىماۋى رەڭ پىلات، جىگەررەڭ ئۆرۈمە چاچ. . . كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ھازىرقى شاھسەنەم: پاخ-

پاق چاچ، ئۆڭكۈر كۆز، قۇرۇق ئۇستخان، قاسماق يۈز، جۇل - جۇل كىيىملىك سارالڭ. . . سېغىز تېرىپ يەۋاتىدۇ.

— پەيزۇللا لۇشۇن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىنى تەكرارلاپ قويدى:

— «هازىرقى جۇڭگو ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ ئەڭ ياخشى پائالىيەت مەيدانى».

## ئونىنچى باب

پەخرىدىن ماغدۇرسىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇ-شۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، قويۇق ساقال - بۇرۇتلىرى كۆرۈ-نەرلىك ھالدا ئۆسۈپ كەتكەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىشلىرى چىڭ كىرىش-كەندى. ئۇ چىدىغۇسىز روھىي ئازاب ۋە جىسمانىي رىيازەت ئىچىدە خىيال سۈرەتتى. ئۇستىخانلىرى كالتەك - تاياقلارنىڭ زەربىدىن زەخىملەنگەن. ھەممە ئەزالىرىنىڭ گۆش ئەتلىرى تى-تىلغان، بۇزۇلغان، شىكەستىلەنگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئويلايتى-تى، خىيال قىلاتتى. ھېس - تۇيغۇغا كېلەلەيتتى. ھەر ھالدا قانداقلا بولمىسۇن، شۇ كەمگىچە تېخى ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشلى-رى ئەركىن ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇ قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە خەلق قوشاق-لىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى:

هاۋانى تومان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

ئۇنىڭ ئاشۇ دېرىزىلىرىگە پولات چىۋىق بېكىتىلگەن تار، ھاۋاسىز، سېسىق ئۆيگە سولانغىنىغا ئەللىك ئىككى كۈن بولدى. ئۇ، يەنە، رەھىمسىز قانخور ئەبلەخلەرنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا خورلىناتتى. ئازابلىناتتى، قىيىن - قىستاققا ئېلىناتتى.

سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ ۋەھىمىسى يەر - زېمىننى تىترىتىپ، گويا دەججال نەرە تارتىپ چىققاندەك سۈرلۈك چۇقانلار بىلەن باشلاندى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، شەھەرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقىقى قورقۇنچلۇق ھەم ۋەھىملىك ئىدى. كىشىلەر دوست - يېقىنلىرىغىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز خوتۇنلىرىغىمۇ راست گېپىنى ئېيتىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلاتتى. مۇبادا، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر ئېغىز سۆزنى پۇسۇقىدە دەۋەتتىڭىزمۇ، پەيمانىڭىزنىڭ توشقىنى شۇ ئىدى. ھايالسىز سۆرەپ چىقىشاتتى - دە، كالتەكچىلەر، ئالەمنى بېشىڭىزغا كىيىپ، ئاھ - زار ئۇرۇپ، داد - پەرياد كۆتۈرگىنىڭىزگىمۇ پەرۋا قىلماستىن، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ھۆركىرەپ، ۋارقىراپ، تەھلىكە سېلىپ قامچىلاشقا باشلايتتى: «ئىقرار قىلامسەن يوق؟ ھۇ . . . ئانىسىدىن چالا تۆرەلگەن بۇزۇق!» دەپ ھەيۋە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن «ئېھتىمال، ئىقرار قىلسام كەڭچىلىككە ئېرىشەرمەن» دېگەن خام شورپىنىڭ ئۇمىدىدە يوقنىمۇ قوشۇپ «ھەممىگە ئىقرارمەن» دەۋەتتىڭىزمۇ، مانا ئەمدى قانداق بالايىئاپەتكە ئۇچرىغىنىڭىزنى ئۆزىڭىز قىياس قىلىڭ، ئەكسىچە «مېنىڭ بۇ سۆزۈم ئۇنداق مەنىدە ئەمەس، مەن مۇنداق مەنە ئۇستىگە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇر» دېيەلەتتىڭىزدە، ئۇ چاغدا كۆرگۈلۈكنىڭ ھېچقايسىسىدىن چەتتە قالمايتتىڭىز. شۇنداق قىلىپ غەزەپ كاسىسى توشقان بەزىبىر ئادەملەر، ئەمدى نېمە بولسام شۇ، مۇنداق ئازاب ئىچىدە ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەلا، دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە ئې-

تىلىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق بالايىبەتەرگىمۇ پىسەنت قىلمىغان ھالدا خۇددى يولۋاستەك ھۇجۇمغا ئۆتەتتى - دە، ھېچبىر سوئال - سوراقسىز ھايت - ھۇيت دېگۈچە بۇ دۇنيانىڭ «ھېكمەتلىك» دوزىخى — تۈرمىگە تاشلىناتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا مۇنداق كىشىلەرنىڭ سانىمۇ يەتكۈچە ئىدى. كىمدە - كىم ئۆز ئىشىدا «تىلسىز» ئىكەن، ئۇ ھالدا ھاياتتىن ئۇنىڭغا ئاز - تولا تەن سىغقۇدەك جايمۇ تېگەتتى. ئەمما كىمكى ھەق ئادالەت سۆزىنى ئېيتقان بولسا، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇنىڭغا ئاشۇ تۈرمىنىڭ قارا ئىشىكى شەكسىز ئوچۇق! شۇ سەۋەبتىنمىكىن - تاڭ، جاھان مەھكۇملۇققا پاتقان شۇ كۈنلەردە ئەلنىڭ ئىچىدە يارا - يارا كۆچلۈك مەستۇرچىلىك ئۆزىنى ئاياش ئەقىدىسى كۆپىيىۋاتاتتى.

بۇلا ئەمەس، ھاياتتا يەنە باشقىچە ئادەملەر، يەنى — ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى، بىرەر كاپام ئاشقان - تاشقان ئاش تاماق ئۈچۈن، دوستلىرىنىڭ پاك ۋە ئىسسىق قانلىرىنى، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان شاھانە ھوقۇق - مەنسەپلەر ئۈچۈن سېتىۋېتىدىغانلارمۇ ئانچە ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئادەملەر ھەرقاچان، ھەر ۋاقىتتا يولۇققانىغا كىرپە تىكىنىدەك سانجىلىپ، ئۇچرىغانىنى ئۇسۇپ يىقىتىشقا ھەر زامان تەييار ئىدى. پىتنە - پاسات، يالا - تۆھمەت، يالغانچىلىق، ۋىجدانسىزلىقنىغۇ تىلغا ئالمايلا قويۇڭ، يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئەنە شۇنداق يىرگىنىشلىك ئىپلاس نەرسىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. شۇڭا ئۇلار، ئىككى يانغا كۆرەڭلىك بىلەن تىنىمسىز ئىرغاڭلايتتى.

پەخىرىدىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ يەنە خىيالغا كەتتى: ئۈچ يىل - ھە! توغرا، يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۈچ يىل گەرچە ئىنسانىيەت يىلنامىسىدە ئىنتايىن ئاز سان، ئىنتايىن كىچىك بىر چېكىت بولسىمۇ، ئەمما بۇ جاھالەتلىك دۇنيادا، ئۆمۈر تارىخىدا نەقەدەر ئېغىر سالماقنى

ئىگىلەيدۇ ـ ھە! شۇنداق، ئۇ، ھەرگىز يىل ئەمەس، يا يىل بولۇشقىمۇ مۇناسىپ ئەمەس. ئۇ، گويا دەھشەتلىك بىر كونا تۇگمەن. ھەق سۆز! خۇددى كونا تۇگمەننىڭ نەق ئۆزى. ئۇ قانچىلىغان سەرخىل، بولۇق دانلارنى پارچىلاپ، ئېزىپ تالقانـ ـلاپ تاشلىۋەتتى ـ ھە! ئۇنىڭ مۇدھىش غاردەك ئېغىزىغا چۈـ شۈپ، ناكا بولماستىن، سەللىمازا ساق قالغانلار بارمىكىن ـ تاڭ؟ بۇنىسىنى «تۇگمەنچى» بىلمىسە، ھازىرقى زامان ئادەملىـ ـرى مۇتلەق بىلمەيتتى.

ئۇ شاھسەنەمنى يادىغا ئالدى. شۇ تاپتا پەخرىدىنىنىڭ يۈرىـ ـكىنى چايان چاققاندەك ئازابلاۋاتقىنى يالغۇز ئاشۇ گۈزەل — ۋاپادار قىز شاھسەنەم بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان ھىجرانلىق ھەسرىتىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ پاجىئەـ ـلىك تەقدىرى ئىدى. ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇ نېمىشقا ئاشۇ تەقدىرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى؟ پەخرىدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى؟ ئۆزى ۋاپاسىزمۇ؟ تاش يۈرەكمۇ؟ ياق، ئۇ، ياردەم بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ بارلىق ھايات يولى كېسىلگەن، ئاجىز، بىقۇۋۇل، بىچارە ئىدىكى ھەتتا ئۆزىنىمۇ بۇ تار قەپەسـ ـتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدىغۇ. ئالەم شۇنداق، نەزەربەنتكە ئېلىنـ ـغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ، ھېس ـ تۇيغۇدىن باشقا ھەممە نەرسىگە قۇربىسىز، ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇ پەقەت ئەسـ ـلىيەلەيتتى: ئاشۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىزنىڭ بىباھا تەلىپى، گۈلدەك ئىللىق كۆلۈمسىرەپ تۇرغان خۇشخۇي لاتاپىتى، يۈرەك تەشنالىقىغا ئارام بېرىدىغان ئۇمىدۋار سۆھبەتلىرى، مائارىپ ئىشـ ـلىرىغا سادىق يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرى . . . ئۇ يادلىيالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر نېمىمۇ قىلالىسۇن دەيسىز؟ پەخرىدىن بۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يادىغا ئالدى. ئۇنى بۈگۈنمۇ يەنە ئاشۇ «يەر ئاستى كۇلۇبى» نى ئىقرار قىلىشقا قىستاشتى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇدا سوئال ـ سوراق قىلىنىپ كېلىۋاتقان

بۇ مەسىلىدە تا ھازىرغا كەلگۈچە، ھېچقانداق بىر يېشىلىق يوق ئىدى. پەقەت يېقىندىلا ئۇنىڭ ئالدىغا «ئالاھىدە ھەرىكەتچان ئەترەت» دېگەن بىر ئاتالغۇنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە شۇ بۇرۇنقى كونا گەپلەر، يەنە شۇ سوراق، يەنە شۇ قىستاش، يەنە شۇ كۆرەش، پىپەن. . . چۈشتىن كېيىن ئۇنى «سوراقخانا» غا ئېلىپ چىقىشتى. قىزىق، ھازىر سوراق جوزىسىدا مۇخپۇل ياكى باشقا بىر سۆزمەن ئەمەس، بەلكى خېلى ئۇزۇندىن بېرى «سودىيەلىك شىرەسى» نىڭ يېنىدا ئۇن - تىنسىز بىر نېمىلەرنى يېزىپ - سىجىپ ئولتۇرۇپ ئۆگەنگەن «تەييارغا شەيخ» مارىيە تۇراتتى. ھە، توغرا، بۇگۈن پەخرىدىننى مارىيە سوراق قىلىدىكەن ـ دە! شۇنداق، ئۈچ يىل ئىلگىرى شەھەرلىك رەسىمخانىدا بىلەت سېتىپ يۈرگەن بۇ «سەپكۈن يۈزلۈك ئايال» پەخرىدىنگە كۆپ تونۇشلۇق. بولۇپمۇ مۇشۇ يىللاردا تېخىمۇ قويۇق «ئۈلپەت» بولۇپ كەتتى. قايسىدۇر بىر چاغدا — ھازىرقى بۇ ئىككى رەقىب — نېمىدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە ئۇرۇشۇپمۇ قالغان ئەمەسمۇ؟ ئېنىق، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۇ چاغدا بۇ «سەپكۈن يۈزلۈك ئايال» پەخرىدىننىڭ قېشىغا كېلىپ ئاكاردىئون سورىغان. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى شەخسىي ئارىيەت بېرىش مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، پەخرىدىن بەرمىگەن. سەپكۈن يۈزلۈك ئايال « بۇ سېنىڭ شەخسىي نەرسەڭ ئەمەسقۇ» دەپ غوۋغا كۆتۈرگەن، ئاخىردا ماجىرا تۇغۇلۇپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىشقان. باشلىق پەخرىدىننىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مارىيەگە تەربىيە بېرىپ، قايتۇرۇۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى، پەخرىدىننىڭ ئاشۇ جېدەلخورنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈڭ. شۇڭىمىكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مارىيە پەخرىدىنگە قىلچە يۈز - خاتىر قىلمىدى، بەلكىم، قورساقتا ساقلاپ كەلگەن ئۆزاق مۇددەتتىن بېرى ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئاشۇ ئۆچى بولسا

كېرەك. بۇ قېتىم پەخرىدىننىڭ ئۇلتۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىدى. ئۇ مارىيەنىڭ ئۇدۇلىدا تولا سۇركىلىپ ئۇپراپ كەتكەن پىششىق خىشلارغا دەسسەپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇراتتى.

— بۇ ساڭا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت — دېدى مارىيە قولىدىكى قەلەمنى ئوينىتىپ تۇرۇپ — سەن بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق.

— . . .

— قېنى، ئىقرارنامەڭنى ياز! — ئۇ يان تەرەپتىكى شىرە ئۈستىگە قويۇلغان قەلەم، سىياھ ۋە قەغەزنى كۆرسەتتى.

— ئىقرارنامە؟ — پەخرىدىن مەنسىتمەسلىك ئاھاڭىدا ئېيتتىيۇ، ئەمما بۇ يېڭىلىقتىن سەل تەئەججۇپلەنگەندەك تۇيغۇغا كەلدى.

— ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي چاپسان بول!

— . . .

— يازامسەن، يازمامسەن؟

— . . .

— سەن ئادەممۇ - ئەمەسمۇ؟ مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

— يازىمەن! — پەخرىدىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىۋەتتى — ئەمما، بۇ ئىقرارنامە ئەمەس، غەزەپنامە. ئۇ، ھاياجانلانغانىدى. شۇڭا، ھەربىر نەپەسلەنگەندە كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ - كۆتۈرۈلۈپ قوياتتى.

— قېنى؟ — مارىيە كۆرەڭلىك بىلەن سوزۇپ ئېيتتى.

— پەخرىدىن ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا، مەردانە قىياپەتتە شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇ يېزىشقا كىرىشتى:

غەزەپنامە

ئىت ئالدىدا چۆپ - سامان،
ئاتقا تاشلايدۇ سۆڭەك.
بۇلبۇل تۆمۈر قەپەستە،
گۇلشەندە توزغان چېچەك.
ئېيتارنامەم شۇ مېنىڭ،
يوق سۆزۈم ئۇندىن بۆلەك.

ئۇ قەلەمنى قويۇپ كەينىگە يېنىپ، ئەسلىدىكى جايغا كېلىپ تۇردى ۋە مارىيەگە قاراپ ئېيتتى.

— كۆرمەمسىز؟ مەرھەمەت!

مارىيە ئوپۇل - توپۇل قەغەزگە قارىدى.

— ھۇ، ھارام تاماق!

— كەچۈرسىز، مەن سىزنىڭ ئېشىڭىزنى يەۋاتقىنىم يوق.

— . . .

كېچە تەڭ يېرىمدىن ئۆتتى، ئۇ، ئۆزىدە ھەرقانداق چاغدىكىدىن زىيادە ھارغىنلىق سەزدى. قول - پۇتلىرى بولسا كۆز سوغۇقىنىڭ تەسىرىدىن توڭۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن يۆتكىلىپ، ئورۇن - كۆرپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، يېتىشقا جاي تەييارلاندى. ئۇ يوتقىنىنىڭ ئىچىگە كىردى. بېشىنى ياستۇققا قويدى. ئەمما، كۆزىگە ھېچ ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

## ئون بىرىنچى باب

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.

كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ قاپقارا زۇلمەتلىك بىر ئاخشىمى

ئىدى. تالادا ۋەھىمىلىك قارا بوران ھۆركىرىمەكتە. كىشىلەر مۇدھىش سوغۇقنىڭ ئاچچىق دەردىنى چەكمەكتە.
تونۇش تال - تېرەكلەر، خۇشبۇي چىمەنلىكلەر سارغايغان ھاۋادا دەھشەتلىك چاڭ - توزان ئۈزمەكتە. يەردە بەرگىلىرىدىن ئاجىرىغان ئىگىسىز ياپراقلار ئەلەملىك تاۋۇش چىقىرىپ، تە-رەپ - تەرەپكە ئۇچۇشماقتا. نىمىشقىدۇر، دەرەخلەردە باھار ۋە ياز كۈنلىرىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئەركە، ئويۇنكەش، خۇش ئاۋاز قۇشلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بەلكىم، ئۇلار زىمىستان پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قانداقتۇر ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق ئىسسىق ياقلارغا كېتىشكەندۇر ياكى قانداقتۇر نىسە-ۋىسىز - بەھرىسىز دالىلاردا ئاچلىقتىن جان ئۈزۈشكەندۇ، ئەمدى ئۇلار سايرىمايتتى. شەھەر كوچىسى تولىمۇ سەت، يې-قىمسىز تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. ماشىنىدا غەمسىز ئولتۇرغان پەخرىدىن تەبىئەتنىڭ ئەنە شۇنداق تەشۋىشلىك بىر ئاخشىمى تۆت كىشىلىك قاتتىق «مۇھاپىزەت» ئاستىدا شەھەرلىك سوت مەھ-كىمىسىگە ئېلىپ كېلىندى. ئۇ بۇگۈن ئاخشام نىمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايتتى، راست ئۇ، ئويلىمايتتى. ئويلاش-تىن نىمە پايدا؟ ھېچ، ھېچ پايدا يوق. شۇڭا، غەمسىز ئولتۇ-رۇش كېرەك، قالايمىقان پىكىر - خىيال مېڭىگە زىيانلىق، بۇ بىباھا ھوشيار مېڭە تېخى ماڭا يەنە ئەسقاتىدۇ. ئۇنى «سودى-يە» نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. يەنە شۇ سوراق قىلىشىدى-كەنغۇ؟ ئۇنىڭ زادى قانچىلىك قالتىسلىقى بار ئىدى. يوغان قىلىسا شۇنچىلىك قىلىشار! ياق، خاتا سۆزلەۋاتىسەن. بۇ، ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ قانۇن ئورگىنى، قانۇن! ئۇنىڭغا ھېچ ۋاقىت تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. نىمە دېدىڭ؟ سەن ئېلىشىپ قېلىۋاتامسەن؟ نىمىشقا ئوخشىمايدىكەن؟ ئوخشايدۇ، تازا ئوخ-شايدۇ، ھەممىسى بىر داشقايناق، ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق! ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە كىم ئولتۇراتتى؟ ئەمدى كىم ئولتۇرۇۋې-

تۇ؟ ئۇ، سوراقچىغا قارىدى. ئۇ جايدا، كۆزلىرى قان قۇيغان-
دەك قىپقىزىل، ئىت كۆز، پاناق بۇرۇن، ئۆزى چوشقىدەك
سېمىز، خۇددى بوينى كېسىپ تاشلانغان تۇزلۇق قاپىقىدەك
يېڭى سوراقچى ئولتۇراتتى. پەخرىدىن سوت مەھكىمىسىنىڭ
بۇرۇنقى سوراقچىسىنى بىلەتتى. ئەمما بۇ «تۇزلۇق قاپىقى» نى
پەقەت تونۇمىدى. ئېھتىمال باشقا شەھەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن-
دۇر؟ ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. پەخرىدىن سوراقچى-
نىڭ ئالدىدا تىك تۇرغۇزۇلۇپ قويۇلدى، ھايال ئۆتمەي سوراق
باشلاندى.

— سەن قانىداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ — «تۇزلۇق قاپىقى» سورىدى.

— مەندە ھېچقانداق جىنايەت يوق! — كەسكىن جاۋاب بەردى پەخرىدىن.

— جىنايەت يوق؟! سەن ئەكسىلئىنقىلابىي يەر ئاستى كولۇبى ئۇيۇشتۇرۇپ قەلەم بىلەن پارتىيىگە قارشى چىققانلىقىڭ-دىن تانالامسەن؟

— يوقسۇ، ئەپەندىم. مەن سىز دېگەندەك ئۇنداق جىنايەت-لەرنىڭ شېرىكى ئەمەسمەن.

— شېرىكى ئەمەس؟! سەن ئۇنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى.

— ئېيتقىنىڭىز ھەقىقەت ئەمەس!

— ھەقىقەت؟! سەن سولتەك تېخى ھەقىقەت بىلەمسەن؟

— سىز ئېيتىۋاتقان ھەقىقەتنى چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما، جىمى ئالەمگە ئايان بولغان ھەقىقەتكە سادىقمەن.

— گەپ ساتما!

— گەپ سېتىۋاتقىنىم يوق، تەقسىر، ھەقىقەتنى سۆزلە-ۋاتىمەن.

— سەن ئەبلەخلەردە قانداقچىلىك ھەقىقەت بولسۇن، دۇن-يادا ھەقىقەت بىرلا.

پەخرىدىن قىزىقتى.
— ئۇ، قايسى ھەقىقەتتىكىن؟
— ئۇ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى. بۇنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن.
«تۇزلۇق قاپىقى» نىڭ «ھەقىقەتتى» نى ئاڭلاپ پەخرىدىن گويا ئۆينى كۆتۈرۈۋېتىدىغاندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.
— مەن سىز سۆزلەۋاتقان بۇ ھەقىقەتنى ھېچبىر چۈشەنمەيۋاتىمەن. ئۇ، زادى قانداق دىكتاتورا؟ ئۇ كىم ئۇچۇن ئىشلەۋاتىدۇ؟
— پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا تىل تەگكۈزمە، سەن ئۇنىڭ ئوبيېكتى، بولمىسا ھېلى...
— خوش، مەن ئۇنىڭ ئوبيېكتىمۇ؟ توغرا ئېيتتىڭىز. بىر - بىرىگە تۇپتىن زىت بولغان ئىككى رەقىب لۇغەت مەنىسىدە نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
— ...
— دۈشمەن، دەپ ئاتىلىدۇ، تەقسىر! بۇ، قانۇنشۇناسلىقتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ساۋات. بۇنى بەلكىم سىزمۇ چۈشىنىدىغانسىز؟!
— سەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدىسەن! بۇ سەندىكى يەنە بىر يېڭى جىنايەت.
— خاتا! سىزنىڭ ئېيتىۋاتقىنىڭىزنىڭ ھېچقايسىسى مەنتىقىگە سىغمايدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، بىر - بىرىگە دۈشمەن ھېسابلانغان ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا شەكسىز دۈشمەن ئاتىلىدۇ. ئېيتايلۇق، سىزنىڭ دىكتاتورىڭىز مېنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ تاللىۋالغانىكەن، شۈبھىسىز، مېنىڭمۇ ئۇنى دۈشمەن دېيىشىم يوللۇق! بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يەنە نېمىسى باركىن؟
— سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ سېپى ئۆزىدىن ئەكسىيەتچىلىك.

ئەگەر ھوشۇڭنى تاپمايدىكەنسەن، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن.
— ئۇنداق ئەمەس. مەن ئەكسىيەتچىلىكتىن تېخى ناھايە-تى يىراقمەن. سىزگە ئايان بولسۇنكى، مېنىڭ تىل تەگكۈزۈ-ۋاتقىنىم ھەرگىز تىنچ، بەختىيار، گۈزەل ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداۋاتقان ھەقىقىي پرولېتارىيات دىكتاتورىسى ئەمەس، بەل-كى، نۆۋەتتە بىگۇناھ گىراژدانلارنى، ھەقىقەتچىلەرنى، پاك ۋە ئادىل كىشىلەرنى باستۇرۇۋاتقان دىكتاتورا. بۇ ئىككىسى تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ.
— سەن ئەسەبىيلىشىپ قاپسەن، ھوشۇڭنى تېپىپ سۆز-لە؛ بىزدە بىرلا دىكتاتورا بار، بىرلا دىكتاتورا! — سوراقچى چىچاڭشىپ كەتتى.
— سۆزىڭىز ئادىل بولمايۋاتىدۇ، ئەپەندىم. مەن بىلىمەن-كى ھازىرقى زامان قانۇن دۆلەتلىرىدە بىر ئەمەس، ئەكسىچە ئىككى خىل دىكتاتورا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى پرولېتارىيات دىك-تاتورىسى؛ يەنە بىرى بۇرژۇئازىيە دىكتاتورىسى.
— سوراقچى سەنمۇ ياكى مەنمۇ؟ يەنە داۋاملىق ھوشۇڭنى تاپمايدىغان بولساڭ تىلىڭنى كېسىپ تاشلايمەن.
— ئۇ ئەلۋەتتە قولىڭىزدىن كېلىدۇ. مەنمۇ سىزنىڭ شۇنداق نىيەتتە ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن. چۈنكى دىكتاتورا سىزنىڭ قولىڭىزدا.
— سەن دىكتاتورا ئۈستىدە ئازراق گەپ ساتساڭ بولارمى-كىن؟
— بۇ گەپنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەن سەۋەبچى بولغىنىم يوق، ئۇنى ئۆزىڭىز پەيدا قىلدىڭىزغۇ؟!
— مەن سېنى دىكتاتورا ئالدىدا ياۋاش بول دەۋاتىمەن. ھەرگىزمۇ مەدداھلىق قىل دېگىنىم يوق.
— مەن دۈشمەنگە باش ئېگىشنى، تىز پۈكۈشنى خالىماي-مەن. شۇڭا ماڭا دۈشمەن ھېسابلانغان سىزنىڭ دىكتاتورىڭىزغى-

مۇ دۈشمەنلىك قارىشى بىلەن سۆزلەۋاتىمەن. قانۇنشۇناسلىق ئىلمىدە بۇ ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسقۇ؟ — پەخرىدىن داۋاملىق سۆزلەيتتى. ئۇ بۇگۇن شۇنداق بىر روھ جاسارەتكە كەلگەن ئىدىكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى قانۇن ۋەكىلىمۇ گويا چىۋىنچىلىك تۇيۇلاتتى.

سەن ... سەن ... سەن... سوراقچى كېكەچلەپ قالدى. ئۇ پەخرىدىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تامامەن يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما، كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى. دىكتاتورا دېگەن ئاتالغۇنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ بولغانىكەن. بولمىسا، ئىشنىڭ بېشىدىلا مۇنداق پالاكەتكە يولۇقمىغان بولاتتى. ئۇ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا تىرىشتى. ئەمما، قانداق ئوڭشاش كېرەكلىكىنى ھېچ بىلمەيتتى.

— مېنىڭ سۆزۈم تېخى تۈگىگىنى يوق ... شۇ تاپتا، يادىمغا مۇنداق بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — پەخرىدىن يەنە سۆزلەيتتى. ئۇ، ئەمدى بېشىمغا ھامان بىر كەلگۈلۈك كېلىدۇ. شۇڭا، سۆزلىمىگەندىن سۆزلىۋالغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلايتتى. ئۇ، ئاشۇنداق بىر كۈچلۈك شىجائەتنىڭ كۈچى بىلەن قەدىمىي بىر مەسەلىنى سۆزلەشكە كىرىشتى.

— قەدىمىي گرېتسىيەدە پۈتۈن ئەقلى - ھوشىنى چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرگە بېغىشلىغان بىر ئەخمەق پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

— قۇرۇق گەپ قىلما! سوراقچى پەخرىدىندىن گېپىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

— سوغۇق قانراق بولۇڭ ئەپەندىم، قېنى، داۋامىنى ئاڭلاڭ! — پەخرىدىن سۆزلەيتتى، ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭى كىيىملەرگە ئىشلىتىدىكەن. پات - پات كىيىم - كېچەكلەرنىڭ يېڭى نۇسخىلىرى ئۈستىدە مەجلىس ئۇيۇشتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ سارايىدىن چىقىشىمۇ پەقەت پۇقرالارغا

ئۆزىنىڭ قانداق كىيىنگەنلىكىنى نامايان قىلىشتىنلا ئىبارەت ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سارايغا ئىككى ناتونۇش سەيپۇڭ (تىككۈچى) كېلىپ پادىشاھقا: بىز جانابى ئالىيلىرىغا دۇنيادىكى ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ئاجايىپ - غارايىپ يېڭى كىيىملەردىن تىكىپ بەرمەكچىمىز دەپتۇ. پادىشاھ بۇ كىيىمنىڭ نېمە خىسلەتى بارلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن . . .

— گېپىڭنى توختات!

— خوش، شۇنىڭ بىلەن سەيپۇڭ: بۇ كىيىملەر ناھايىتى يەڭگىل، كىيگەندىمۇ ھېچ نەرسە كىيمىگەندەك بىلىنىدۇ. ئۇنى پەقەت دانا، ئەقىللىق كىشىلەرلا كۆرەلەيدۇ. ئەمما دۆت، ئەقىلسىز، ئەخمەق كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، دەپتۇ. پادىشاھ قىزىقىپتۇ ۋە ئۇنداق بولسا مەن كىملەرنىڭ ئەقىللىق، كىملەرنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالالايدىكەنمەن دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى سەيپۇڭغا مەخسۇس بىر ئېغىز ئۆي بوشىتىپ بېرىپ، تىكىشكە بۇيرۇپتۇ، تەلەپ قىلىنغان ئاقچىنىمۇ بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى سەيپۇڭ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، يالغاندىن كىيىم تىكىۋاتقان قىياپەتكە كىرىپ ئولتۇرۇۋېتۇ.

— توختات!

— ئىككى كۈندىن كېيىن پادىشاھ باش ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى بولسا كۆرەلمەي قېلىپ، ئەخمەقلىقتە ئۇياتقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ بارماپتۇ، ۋەزىر كېلىپ، كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. سەيپۇڭنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. نېمىشقا كۆرەلمەيمەن؟ ۋەزىر ئۆزىچە سۆزلەپتۇ: مەن ئەخمەقمۇ؟ سەيپۇڭ ۋەزىرگە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، يېڭى كىيىملەرنى ھەدەپ ماختاپ كۆرسىتىپتۇ. سەيپۇڭ ۋەزىرنىڭ ئەقلىدىن مەمنۇن بوپتۇ ۋەزىرمۇ سەيپۇڭنىڭ دۆت ئىكەن دېمىگەنلىكىدىن خۇرسەن بوپتۇ. ئۇ تېزلا پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ھېچقاچان كۆرمى-

گەن يېڭى كىيىملەرنى خۇددى كۆرگەندەك بولۇۋېلىپ، تازا كۈچەپ كۆككە كۆتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنى ھەقىقەتەن دانا ئىكەنسەن دەپ ماختاپتۇ. ئاخىردا پادىشاھ بارلىق ئوردا خادىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، يېڭى كىيىملەرنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن سەيپۇڭخانىغا كەپتۇ. سەي- پۇڭ پادىشاھقا تون - سەرپايىلارنى كۆرسىتىپ تەرىپىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىپتۇ. ئەپسۇسكى، پادىشاھ ھېچ نەرسىنى كۆر- مەپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئۆزىنىڭ دانا، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ رازىمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— زەھەر تارقاتما!

— كۆپچىلىك ئەگىشىپ «ھەقىقەتەن چىرايلىق، ھەقىقە- تەن چىرايلىق» دەپ ماختىشىپتۇ، ماختاش سادالىرى ئىچىدە پادىشاھ ئۆز كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ بۇ ئاجايىپ - غارايىپ خىسلەتلىك كىيىملەرنى كىيىپتۇ ۋە سەيپۇڭنىڭ دەۋەت قىلىشى ئاستىدا ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئانىدىن تۇغما ھالىتىدىكى قىياپىتىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بى- راق، ئەقلىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى تازا راھەتلىك سېزىپتۇ. ھەممە ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى باش ۋەزىر پادىشاھقا، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ پادىشاھنىڭ «ئاجايىپ - غارا- يىپ» كىيىملىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەخمەق پادىشا شۇ ھامان ئوردا خادىملى- رىنى ئەگەشتۈرۈپ قىپيالىڭاچ ھالدا شەھەرگە قاراپ سارايدىن چىقىپتۇ. شەھەر پۇقرالىرى پادىشاھنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، قات- تىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. دەرھال گاللىرىنى ياساپ، «يېڭى كى- يىملەر» بىلەن پادىشاھنى تەبرىكلەپتۇ، شۇ ئەسنادا كىشىلەر توپى ئىچىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ياڭراپتۇ: ئانا پاد- شاھ ھېچ نەرسە كىيمەپتىغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا مەيداننى جىمجىتلىق قاپلاپ كېتىپتۇ. بالا يەنە ۋارقىراپتۇ: ئۇ ھېچ

نەرسە كېيمەپتىغۇ؟ كىشىلەر ئارىسىدا كۇس - كۇس گەپلەر ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاۋۇ ئوغۇل بالا، پادىشاھ ئۇستىگە ھېچ نەرسە كېيمەپتۇ دەيدۇ، توغرا ھېچ نەرسە كېيمەپتۇ، بالىنىڭ سۆزى توغرا — شۇنداق، بۇ ھەقىقەتەن بىر ئاجايىپ - غارايىپ ئىشقۇ؟ كىشىلەر چۇقان سېلىشقا باشلاپتۇ.
قېنى ئەپەندىم، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنىڭ ئاشۇ ئەخمەق پادىشاھنىڭ ئىشلىرىدىن نېمىمۇ پەرقى بولسۇن؟

— ئېغىزىڭنى يۇم!

— ھېكايەم تۈگىدى.

— ئادەم، ئادەم كىرسۇن!

ھۆركىرەپ بوران چىقىۋاتقان جۇدۇنلۇق كېچىدە قامچا، كالتەك كۆتۈرگەن تۆت كىشى گويا قان ئىچكەن جاللاتلاردەك ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىردى. «ئەدەپلە» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ ئۇرۇش، قامچىلاش، سوغۇق سۇ سېپىش، يەنە ئۇرۇش، يەنە قامچىلاش، كالتەكلەش. . . ئازاب يەنە باشلىنىپ كەتتى.

پەخىرىدىن تۈرمىگە تاشلاندى.

ئۇنىڭ پۈتىغا ئىشكەل سېلىندى.

1980 - يىلى 2 - ئاي، گۇما.

# مەشئۇملۇق

## (ئىشق تۇتىسنىڭ يېڭى ئەپسانىسى)

### بېغىشلىما

ئاق تىكەن گۇر ـ گۇر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
دەردى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.
(ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن)

### خاتىرىلىگۇچىدىن

ھاياتنىڭ مەشئۇم سىرلىرى يازغۇچى ئۇچۇن دەھشەتلىك بولمىسىمۇ، كىتابخان ئۇچۇن قورقۇنچلۇق، دۇنيادا ھەر نەرسىنىڭ بېشىدىن بىرەر خاتىرە ـــ ھايات ۋە ئۆلۈم، شادلىق ۋە قايغۇ، كۇلكە ۋە يىغا، ۋىسال ۋە ھىجران، دوستلۇق ۋە دۇشمەنلىك، سۆيگۇ خاتىرىلىرى ۋە ھىجران ئەسلىمىلىرى، بايلىق تەشۋىشى ۋە يوقسۇللۇق جەبرىسى، بىلىم غوۋغاسى ۋە نادانلىق جاپاسى قاتارلىق كۆپ ئىشلار ئۆتىدۇ. كۆڭۇل خاتىرىلىرى كىشىلەرگە كۇلپەت ياغدۇرالمىسىمۇ نۇسرەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ياشلىق تەمەنناسىنىڭ قېرىلىق دۇنياسىغا كېرىكى بولمى-

غاندەك، دەردمەن سادانىڭمۇ دۆلەتمەن ناۋاسى بىلەن ئۆلپەتچى-
لىكى يوق.

بۇنى بىلمەيدۇ نادانلار ئۆزىچە كۆزلەپ ھەۋەس،
كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈلمەي سەن كامال دانىش ئەمەس.

ھەر قۇشنىڭ ئۆزگىچە ناۋاسى بار دېگەندەك، تۇتىمۇ ئۆز ناۋاسى-
دا كۈيلەيدۇ. ئۇنىڭ كۈيى ياخشىمۇ، يامانمۇ، ھازىرچە بىرنەر-
سە دېيەلمەيمىز. قۇرداشلىرىمىز تىڭشىغاندىن كېيىن بىر نەرسە
دېيىشەر. قېنى، ئۇنداقتا ئىشق تۇتىسى ئۆز سەرگۈزەشتلىرى-
نىڭ ئۇنتۇلماس خوش ناۋالىرىنى، ئۆچمەس مۇڭ سادالىرىنى
ئالەمگە ياڭراتسۇن...

مۇقەددىمە

## گۇلىستان تۇتىسى

ھەر نەرسىنىڭ شەكلى ۋە ئورنى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن
ھۆرمەتلىك كىتابخانىنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى مۇھتەرەم ئىشق تۇتى-
سى تۇرغان قەدىمىي گۈزەل - سەنئەت شەھىرى «قەشقەر ئاتا»
نىڭ خوش ھاۋالىق چىمەنزارلىقىغا باشلاشقا مەجبۇر بولىمىز.
بۇنىڭ بىلەن كىتابخان تۇتى قۇش بىلەن تونۇشىدۇ - دە،
چۈشىنىشسىزلىك كېلىپ چىققان مەجھۇل سوئالنى ۋاقىتلىق
بولسىمۇ بەزلەشكە ئىمكان تاپىدۇ. تەبىئىيلىكى، بىزمۇ بۇنىڭ
بىلەن سۆزىمىزنىڭ بېشىدىلا ئۇچرايدىغان پېشكەللىكتىن ۋاق-
تىنچە قۇتۇلغان بولىمىز.

خوش، قەدىرلىك دوستۇم، سىز بۇنىڭدىن بىر ئەسىر
ئىلگىرىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئالتۇن دەرۋازىسى» ھەققىدە
ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز. ئەنە شۇ جايدا بىر چىمەنلىك باغ بولۇپ،

ئۆزىنىڭ كەڭ ـ ئازادىلىكى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭ تۈرلىرىنىڭ كۆركەملىكى، ھاۋاسىنىڭ تازا، قۇشلىرىنىڭ خۇش ناۋالىقى، بەزمە سورۇنلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن ئۇ «قەشقەر ئاتا گۈلزارلىقى» دەپ ئاتالغانىدى. كىشىلەر بۇ جايدا بىر پەس ئارام ئېلىشنىڭغۇ ئەسلىي، ئۇنى يىراقتىن كۆرۈشنىمۇ ئۆزىگە پەۋقۇلئاددە بىر بەخت، بەخش ۋە كەرەمنىڭ ئىلتىپاتى دەپ بىلىشەتتى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل سەيلىلىرى، بەزمىلىرى، تاكامۇللاشقان ئەلنەغمىلىرى ۋە ئادەمزات ئۆرنەكلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايدا مۇجەسسەملىنەتتى. شۇڭا، بەزىلەر بۇ يەرنى «شادلىق گۈلىستانى» دەپمۇ ئاتىشاتتى. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ تەرىپلەشلىرى ئاساسسىز بولمىسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گۈلزارلىقتىكى قۇشلارنىڭ ئىچىدىن تىلغا كىرگەن بىر تۇتى قۇشنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىشى بىلەن باشقا ئويۇن ـ تاماشىلار ئازىيىپ، ھەممىنىڭ دىققىتى يېڭى ھېكايىچىنىڭ ئىنسان قەلبىنىڭ زىل تارلىرىنى تەۋرىتىدىغان خىسلەتلىك كۈيىگە جەلپ قىلىنىدىغان بولدى. كىشىلەر تۇتى قۇشنىڭ ھېكايىسىنى خۇددى جامەدىكى ناماز ئەھلى ئىمامنىڭ قىرائىتىگە ئۇن ـ تىنسىز زەن قويغىنىدەك كۆڭۈل قۇلاقلىرىنى بېرىپ ئاڭلايتتى. گەرچە تۇتى قۇش ئۆزى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئارچا شېخىنىڭ ئۇستىگە يېنىككىنە قونۇۋېلىپ كۈيلەۋاتقاندا تىڭشىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۇ قەددى ـ قامەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ رەڭدار مامۇقلىرى بولسا گويا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈل نۇرلىرىنى تۆكۈۋاتقاندەك كۆزنى چېقىپ يالتىرايتتى. تۇتى قۇش ھەركۈنى ناۋا قىلىۋەرمەيتتى. ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن سۆزلەيتتى. كىشىلەر مۇشۇ ۋاقىتقا تەبىئىي ئادەتلەنگەنىدى. بۈگۈنمۇ جۈمە كۈنى بولۇپ، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىز دەل

تۈتى قۇشنىڭ چۈشتىن ئىلگىرى سۆزلەيدىغان ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ، بىز يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر ئالدىراشلىق بىلەن تارقىلىشقا باشلىغانىكەن. ئەمما تۈتى قۇش ھېكايىسىنى تېخى باشلىمىغانىكەن. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ناھايىتى جاراڭلىق زىل بىر ئاۋازدا چىرقىرىدى ـ دە، ئاندىن گۈزەل قاناتلىرىنى ئۈچ قېتىم قېقىپ، ئارچا شېخىدا ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشتىن ھېكايە قىلىشقا كىرىشتى. جامائەتنىڭ تەشنا كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى تەلەپ كېلىۋاتقان ئارزۇيۇمنىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا مەستخۇش بولۇپ تۈتى قۇش ئېيتقان ھېكايىدىكى ئەزىم دولقۇننىڭ چوڭقۇرتېگىگە ئىختىيارسىز ۋۇجۇدۇمنى ئاتتىم.

## بىرىنچى باب
## سىز بۇ كىشىنى تونۇمسىز؟

كەچكى گۇگۇم ئۆتۈپ شامغا يېقىنلاشقاندا، مېھمانلار ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. ئۇلار ئورۇن ئالغان بۇ ئۆي ئانچە كاتتا ياسالمىغان بولسىمۇ، قەدىر ئەھۋال ئوتتۇرا تىپتىكى خانىلاردىن بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ پۈتۈن شەھەر بويىچە ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقى، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ سورۇنلاردىكى خۇش مۇئامىلىلىكى، خۇش ئاۋاز ـ دىلكەشلىكى بىلەن تونۇلغان «جانان» كوچىسىدىكى مىرئەلى ئەخمەتنىڭ ئۆيى ئىدى. ساھىبخان كىتابخانىلىرىمىزغا تونۇشلۇق بولغان باشقا سۈپەتلىرىدىن باشقا يەنە تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئوتتۇرا بويلۇق، ئاقپىشماق، قېلىن قاشلىق، چوڭ كۆزلۈك، ئۈستۈبېشىغا دائىم بىر خىل رەڭدىن كىيىم كىيىدىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا سەرپۇش تۇماقتىن ئايرىلماي، كىشىلەر ئىچىدە ئۆزگىچىرەك خۇلق ـ مىجەز-

لىرى بىلەن تۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي ئادەملەر جۇملىسىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇ مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ، بىر نەچچە ئېغىز ئادەتتىكى تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەدەپلىك قىياپەتتە سورىدى:

— ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر ئەزىزلىرىم، سازەندىمىز، سورۇنىمىزنىڭ گۈلى شىرمۇھەممەد ئۇكا تېخى يېتىپ كېلەلمەيۋاتىدىغۇ؟

ئارىدىن كىمدۇر بىرى جاۋاب بەردى:

— كەچۈرىسىز، مىرئەلى ئاكا، دوستىمىز شىرمۇھەممەد ھازىرلا كېلىدۇ. ئۇ بايا ماڭا ئېيتىپ قويۇپ، ئالدىنقى كۈنى ئەنجان رەستىسىدە بىرونىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويغان دۇتتارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋىدى.

بۇ سۆز بىلەن ساھىبخانىدىن تارتىپ مېھمانلارغىچە سەۋرسىزلەنگەن كۆڭۈل كاسىسى بىر پەس بولسىمۇ بوشىغاندەك بولۇشتى. ساھىبخان شام ياقتى، شام يورۇقىدا كۆزىمىزگە تاشلانغان بۇ ئۆينىڭ مۇلۇك - جاھازلىرىنى قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى زايە قىلىپ بىر - بىرلەپ تەسۋىرلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، كىتابخانلىرىمىز نۇرغۇن ئۆيدە كۆرگەن نەرسىلىرىنىڭ بۇ ئۆيدىمۇ بارلىقى بىلەن قانائەتلەنسە كۇپايە. كۆرەلمىگەنلىرىمىز كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولمىغىنىدەك بىزگىمۇ قاراڭغۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە دەتالاش قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

مېھمانلار ئوخشىتىپ دەملەنگەن قىزىق چاي بىلەن ئۆزلىرىنى بەھۇزۇر بەزلەۋاتقاندا ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ھەممىمىزگە ئالدىن خەۋىرى يەتكەن بەزمە گۈلى شىرمۇھەممەد دۇتارنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن ئۆي ئىچى دوستانە ۋە خالىس تەكەللۇپ شاۋقۇنلىرى بىلەن تولدى. شىرمۇھەممەد مېھمانلارنىڭ كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلىشى بىلەن تۆردىن ئورۇن ئالدى. ئەمــدى ئۆي ئىچى ھەممە نەرسە بىلەن —

ماددىي نەرسىلەر ۋە ئىنسان روھى بىلەن تولۇقلانغانىدى. ئادەت-تىكى تۇرمۇش قائىدە - يوسۇنلىرىدىن كېيىن ساھىبخان مېھ-مانلارغا ئاش تارتتى. بەزمە ئەھلى «ئالىدىن تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ئەقلىيىنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئاشقا تۇتۇتدى.

بۇ يەردە ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە چۈشىنىشلىك بولغاچ ئۇلارغا بىر - بىرىنى تونۇشتۇرۇش مۇئەللىپ ئۈچۈن ھاجەتسىز كۆرۈنسمۇ، بىراق ھېكايە زەنجىرىگە چىرمىشىپ قالغانلارغا نىسبەتەن بۇ كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك بىر ھالقا. شۇ سەۋەبتىن مېھمانلار لېكەندىكى ئوخشىغان پولۇلىرىغا بېقىشى-ۋەرسۇن. بىزمۇ ئۇيەرگە چاقىرىلمىغاچقا سىرتتا تۇرۇپ، ئۇلار ھەققىدە گاھ ماختاش سۆزلىرىمىز بىلەن ياخشىچاقلىقىمىزنى، گاھ ئېۋەن تاپقۇچى سۆزلىرىمىز بىلەن قۇسۇرچىلىق ھۇنىرى-مىزنى قىلىۋېرەيلى. ئېھتىمال، مېھمانلارمۇ ئۆز سۆپەتلىرى يېزىلغاچقا ئەيىب كۆرمەس.

بۇ يەرگە جەم بولغانلار ئۆي ئىگىسى مىرئەلى ئەخمەت بىلەن قوشۇلۇپ سازەندە شىرمۇھەممەد، شائىر ئەل خوجا نەبى، ماھىر نەققاش نۇرخاتىپ ۋە لەتىپچى ھۇسەيىن قاتارلىق سەك-كىز كىشى ئىدى.

ئىشتىھا بىلەن لېگەن بوشتمۇاتقان لەتىپچى ھۇسەيىن جۇغسىز، ئورۇق، كۆز چاناقلىرى روشەن ھالدا چوڭقۇرلاش-قان، ئۇسۇك قاش، كۇز كۇنلىرىگە خاس يەڭگىل كىيىم كىيد-ۋالغان 32 - 33 ياشلار چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، ھەممىدىن تۆۋەندە ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا بولسا ئېگىز بوي، قاڭ-شارلىق، قاپقارا بۇرۇتلۇق، يۇزى ئۇزۇنراق، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى بىرىكىپ كەتكەن ھەر-خىل رەڭ ئىللەتلىرىدىن ساقىت بولمىغان نۇر خاتىپ؛ ئۇنىڭ ئۇستۇنىكى تەرىپىدە ئويىچان، كىشىلەرگە پات - پات كۆز سالىدىغان، خۇددى سورۇن كۆزەتچىسىدەك ئولتۇرىدىغان

55 ـ 57 ياشلاردىكى، شەھەر پۇقرالىرىغا ئوخشاش ئۇستۋاش كىيگەن، سۆزلىرىدە دائىم دېگۇدەك ھېكمەت لەيلىلىرى خۇش ھىد چېچىپ تۇرىدىغان بادام دوپپىلىق يىقىملىق ئادەم ئەل خوجا نەبى ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ـــ ھەممىمىزگە ئايان بولغان ئۆيىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان ھېلىقى بەزمە گۈلى شىرمۇ-ھەممەد ئىدى. ئۇنىڭ ياخشى پېئىللىق كىشى بولۇپ تۆرەلگىنى-دىنمۇ ۋە ياكى ئۆزى شۇنداق كەيپىياتنى ئۆزلەشتۇرگەنلى-كىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، چىراي تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەن قۇرۇلۇشى، ئادەت - يوسۇنى جەھەتتىن بولسۇن ھەممىنىڭ دىققەت - نەزىرىنى تارتىدىغان ھەممىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر خۇش چاقچاق يىگىتلەردىن ھېسابلىناتتى. بىز ئۆز مېھمانلىرىمىزنىڭ سۆپەت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، سورۇندا بىزنىڭ دىققەتسىزلىكىمىزدىن ئۇنۇ-تۇلۇپ قالغان باشقا يارەنلەرنى تەسۋىرلەش مەجبۇرىيىتى بىزنىڭ ئىلھام چېچەكلىرىمىزنى تۆكۈشىمىزنى تولىمۇ ئىنتىزارلىق بە-لەن كۈتەر ئىدى. قېنى ئۇلارنىمۇ سۈرەتلەپ كۆرەيلى، ھەي-ھات، قېرىشقاندەك رەسساملىق ماھارىتىمىز بىلەن ئۆچەكى-شىپ، ئىشكتىن «پەۋقۇلئاددە» يېڭى مېھمان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر قۇر سىپايىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئادەتتىكىچە تەكەللۇپ بىلەن ھۇسە-يىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ چاغدا لېگەنلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى ئېغىر يۈكلەردىن ئازاد بولۇپ، ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان تۈرلۈك رەڭلەردىكى گۈللىرىنى كۆزگە تاشلى-غان بولغاچقا، ساھىبخان تەرىپىدىن يېڭى مېھمانغا بىر پىيالە چاي سۇنۇلدى ـ دە، قايتا ئاش ئېلىپ چىقىلمىدى. كۆپچىلىك تاماقتىن كېيىنكى قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بۇنى، بۇ ئۇنى دەپ شىرمۇھەممەدنى دۇتارغا تەكلىپ قىلدى. ئۆز تونۇشلىرى بولغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ سازەندە

ئارتۇقچە تۇزۇت قىلماستىنلا سازنى سازلىدى ـ دە، مۇقام كۈيىدىن باشلىدى. ئىغىر ۋە يېنىك، جۇشقۇن ۋەمىسكىن دۇتار كۈيى ئۆيدىكى جامائەتنىڭ يۈرەك دولقۇنلىرىنى تەۋرىتىپ، خىيال قۇشلىرىنى تەسەۋۋۇر كۆكىنىڭ چەكسىز بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلدۇرۇشقا باشلىدى. دۇتارچى مۇقام ناخشىلىرىدىن توختىغاندا يېڭى مېھمان قاتتىق ئۇھسىنىپ، گويا دەردمەنلەردەك ھېسسىياتتىنا:

— ساز ـ ناخشا ياخشى نەرسە، — دېدى ۋە شىرمۇھەممەدكە تىكىلىپ قالدى. ھۇسەيىن سۆز قوشتى:

— ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى، ھۆرمەتلىكىمىز، ئەمدى بىلدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، ئىلگىرىمۇ كۆپ ناخشىلارنى ئاڭلىغانمەن، ئەپسۇس، بۈگۈنكىدەك كۈيلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. ھەقىقەتەن ماھىر، سازەندە، — دېدىيۇ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سىز بۇ كىشىنى تونۇمسىز؟ — ئەتەي سورىدى تەئەججۇپلەنگەن ئەل خوجا نەبى. ئۇ يېڭى مېھماننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قالدى.

— يوقسۇ، تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى يېڭى مېھمان.

— ئۆزىڭىزمۇ سازچىلاردىن بولىدىكەنسىزغۇ، — دېدى شائىر ئەل خوجا نەبى، — شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئىككى سازەندە بىلىشمەيسىلەر؟

— ھەقىقەتەن تونۇشمايمىز، — دەپ سۆز قوشتى شىرمۇھەممەد تەمكىن قىياپەتتە.

شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى سۆزگە ئارىلىشىپ شىرمۇھەممەدنى تونۇشتۇردى ۋە ئاخىردا دېدى:

— بۇ كىشى بىزنىڭ دوستلىرىمىزدىن، شەھىرد-

مىزنىڭ بۇلبۇلى. پات يېقىندا ئۇنىڭ شەھىرىمىزدىكى مەشھۇر مويسىپىتلەردىن بولغان ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ قىزى شەمسىقەمەر بىلەن تويى بولىدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئۆز تويىدا بۇنىڭدىن پەيزى ناخشىلارنى ئاڭلارسىز.

سۆز تۈگىمەستىنلا يېڭى مېھمان سورىدى:

— ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ قىزى شەمسىقەمەر بىلەن دېدىڭىزمۇ؟

ساھىبخان جاۋاب بەردى:

— ھەئە، شۇنىڭ بىلەن.

بەزمە ئەھلى يېنىك كۈلۈشتى. يېڭى مېھمان شۇ ھامان چىرايىغا غەيرىي تۈس بېرىپ ھىجايدى. كىشىلەر تۈن يېرىمىغا يېقىن مىرئەلى ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىن تارقىلىشتى.

## ئىككىنچى باب
## شىرمۇھەممەد قىزاردى

بىزنىڭ بارلىق يىگىتلىرىمىز بېشىدىن كەچۈرىدىغان ئىنسانىي بۇرچ، ئاخىر بىزنىڭ دوستىمىز شىرمۇھەممەدنىڭمۇ بېشىغا چۈشتى. شىرمۇھەممەد شەمسىقەمەرگە ئۆيلەنمەكچى، بۈگۈن تويى كۈنى ئىدى.

«ھەر غېرىبنىڭ بىر يۆلەنچۈكى بار» دېگەندەك ئاتا ـ ئانىسىز ئۆسكەن، تېخى بۇ شەھەرگە كېلىپ ئۆزلەشكىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشمىغان شىرمۇھەممەد توي رەسمىيىتى ئېلىپ كېلىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلاردىن باش قېتىمچىلىق ھېس قىلىپ تۇرمىدى. شائىر ئەل خوجانەبى ئۇنىڭ باشقا يېقىن ـ يورۇق، ھەمراھلىرى بىلەن پۈتۈن تويدا كېلىدىغان ئىغىرچىلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىشقانىدى. يىگىت تەرىپىدىن چاقىرىلغان تويچىلارنىڭ ئىشتىراكىدا شائىرنىڭ كەڭ ـ ئازادە باراڭلىق ھويلىسىدا

خۇشال - خۇرام، تولىمۇ قىزىقارلىق توي ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ئاۋۇ مويسىپىتلار باغنىڭ هويلىغا قارايدىغان سەيناسىغا سىپلىنىغان زىلچا - گىلەملەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان، بۇ جاهاننىڭ هەممە ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكەن پېشقەدەملەر ساقال - بۇرۇتلىرىنى سىيپىشىپ، كۆپنى كۆرگەنلىكلىرى بىلەن ماختىنىشىپ، ئۆز سەرگۈزەشتلىرى ئۈستىدە هېكايە قىلىشماقتا. هويلىنىڭ سول يان سەيناسىدا ئولتۇرغان يىگىتلەر بولسا ئالەمنى بېشىغا كىيىشىپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك شادىيانە كەيپىياتتا توي مەشرىپىنى قىزىتىشماقتا. كۆرۈنۈش هەقىقەتەن هەۋەسلىك ئىدى.

چۈشكە يېقىن بارلىق مېھمانلارغا ئاش تارتىلدى. ئاشتىن كېيىن تويچىلارنىڭ بىر قىسمى تارقىلىپ، يەنە بىر قىسمى توي قىزىقچىلىقىغا هەلەك بولۇشۇپ قېلىشتى، بىر پەس سازلار، ناخشىلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكەندىن كېيىن تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ، جامائەت قىز يۆتكەشكە هاجى ئائىلىسىگە ئاقتى.

ئابدۇكېرىم هاجى كۆپنى كۆرگەن، يېشىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىلىم مۇتالىئەسى بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىكى ئۆلىمالاردىن ئىدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاتىسى ئابدۇللا مەخسۇمنىڭ بىردىنبىر تۇنجى ئەركىسى بولغاچقا، ئائىلىسىدە تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈلدى. كۆزى ئاق - قارىنى تونۇپ بولۇشىغىلا مەرهۇم ئاتا گۆدەكنى ئالىملىقا ئۈندەپ، ئۆزىمۇ ساۋاق بەرمەستىن ئۆزىنىڭ هەمسۆهبەتلىرىدىن ئەزىزۇللا داموللىغا تۇتۇپ بەردى. بۇ كىچىك مەدرىسىدە بەش يىل مەرىپەت تەهسىل قىلىپ، كۆپلىگەن ئىلىم سىرلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغىنىدا، تەقدىرنىڭ شۇم ئەلچىسى ئۇنى هايات شامى، نىجاتلىق تىرىكى سۆيۈملۈك ئاتىسىدىن جۇدالىق پەرمانى بىلەن ۋىدالاشتۇردى.

كۆڭۈلسىز تۇرمۇش بۇ ياش تالىپنى قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن
بەند قىلىپ قالالمىدى. ئۇ ئۇستازى ۋە يۇرت ـ جامائەتنىڭ
مەدەت ـ ئىلھامى بىلەن بۇخارا مەدرىسىسىگە بېرىپ ئوقۇدى.
ئەنە شۇ جايدا ئۆز ئىلىمداشلىرىنىڭ تەركىبىدە يىراق ئەرەبىس-
تان تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىشقا ئۈلگۈردى. شۇنىڭدىن
باشلاپ ئۇ گەرچە ئىلىم ـ ئېرپان بابىدا ئۆز زامانىسىنىڭ
مۆتىۋەر داموللىلىرىدىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، سەپەر ھۆرمى-
تى ئۈچۈن كىشىلەر ئىچىدە يەنىلا «ھاجى» ئۇنۋانى بىلەن قال-
دى. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېكىمبەگ مەھكىمى-
سىگە تەكلىپ قىلىندى، ئەمما ئۇ پىتنە ـ پاسات جەندىلىرى
قاتمۇقات دۆۋىلىنىپ كەتكەن «ھەشەمەتلىك ساراي» غا يېقىنلى-
شىشنى ئۆزىگە ئەپسىز كۆردى ـ دە، يەنە ئۆز خەلقى ئىچىدە
ئاددىي پۇقرالاردەك ياشاپ قالدى. ئەنە شۇ كۈنلەر ئۇنىڭ ئايالى
گۈلخانىم ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قىزى شەمسىقەمەرنى بۆشۈكىدە
مېھىر بىلەن ئۆستۈرۈۋاتقان يىلنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، قىزنىڭ
ئاي جامالى ۋە ئەقىلگە بېشارەت بېرىدىغان قىياپىتى ھاياتقا
ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال
قىلاتتى. كۈنلەر كارۋىنىنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئۈمۈر ئاشىقلىرى-
نى قانداقتۇر بىر گۈزەل غايىنىڭ نازاكەتلىك مەشۇقلىرىدىن
خەۋەرلەندۈرگەندەك سەبىي گۆدەكنى تېزرەك ئۆسۈشكە تاقەت-
سىزلىنىپ چىللاۋاتاتتى. ئائىلىنىڭ بۇ ئۈمىد يۇلتۇزى، كۆ-
ڭۈل غۇنچىسى يەتتە ياشقا قەدەم قويغاندا ئابدۇكېرىم ھاجى ئۇنى
ئۆزى تەربىيىلەشكە باشلىدى. بۇ ئىپپەتلىك قىزنىڭ ساۋاتى
ناھايىتى تېز چىقتى. ئۇ ئېلىپبەنىڭ بىرىنچى ھەرپىدىن باشلاپ
كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك ئۇنۇم بىلەن ئۆز قەلبىنى بېيىتىۋاتات-
تى . ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەندە نەۋائى خەمسىلىرىنى پىكىر
بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ھاجى-
نىڭ ئىش ـ كۈشلىرى كۆپىيىپ قالغاچقا قىزىنى تەربىيىلەش-

كىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا قىزىنى
پات ـ پات قوشنىلارنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە مەدرىسىگە بېرىپ
ساۋاق ئېلىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدىغان بولدى. بۇ چاغدا
شەمسىقەمەر خېلى كۆپ ئىلىم ـ مەرىپەت سىرلىرىنىمۇ مۇتالى-
ئە قىلالايدىغان بولغانىدى. ئۇ مەدرىسىدە ئۇستازلىرىدىن ئالغان
ساۋاقلىرىنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن
تەكرارلايتتى. بەزىدە كۈن بويى مەكتەپتىمۇ تۇرۇپ قالاتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى ئۇنى ئۆزى ئۆگىنىشكە دالالەت قىلى-
دى. گۈلخانمۇ قىزىدىن بارغانسېرى مەمنۇن ئىدى. بىر كۈنى
يوقلاپ كەلگەن چوڭ ئانىسىمۇ نەۋرىسىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ
مەلۇمات ئالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ: «شەمسەم، ھەقىقەتەن ئەقىل
بىلەن ئۆسىۋاتىدۇ» دەپمۇ ماختاندى. ئاشۇ كۈنلەردە شەمسىقە-
مەر نەۋائىي ئۆلگىسىدىن قىسقا ـ قىسقا بېيىتلارنىمۇ يازىدىغان
بولدى. ئەقىلنىڭ ھېكمىتى ئۆستۈرگەن بۇ قىزغا گۈزەللىك
تەڭرىسىمۇ ئۆز ئامىتىنى دەرىخ تۇتمىدى. خۇددى سەرۋى كۆچە-
تىدەك زىبا بۇ قىز ئىنسان رۇخسارىنىڭ گۈزەل قەسرى بولۇپ
كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تال ـ تال سۇمبۇل چاچلىرى، كەڭ پېشا-
نىسى، قەلەمدە تارتىلغاندەك قاشلىرى، چولپاندەك نۇرلۇق
كۆزلىرى، ئالمىدەك مەڭزى، غۇنچىدەك لېۋى ۋە ھۆسنىگە
كۆركەملىك بېرىپ تۇرىدىغان كۆڭۈل كۆزىنىڭ دىلبىرى بولغان
زىنىقى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان نازۇك كۆكسى، قىسقىسى پۈتۈن
ۋۇجۇدى كىشىنى قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز خىيالغا ئەسىر
قىلىۋالاتتى. شەمسىقەمەر ئۆزىمۇ بەلكى يېتىلىۋاتقانلىقىنى تۇي-
غان بولسا كېرەك، نومۇسچانلىقىدىنمۇ ياكى «كۆز تېگىش»
تىن قورققانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ تالا ـ تۈزگە كۆپ چىقمايت-
تى. شەمسىقەمەر ئەمدى راستتىنلا بويىغا يەتكەنىدى. يېقىندىن
بۇيان ئۇ بارغانسېرى ئويچان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. قانداقتۇر
ئىچى پۇشقاندەك ياكى زېرىككەندەك بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ تىنچلىقى-

نى بۇزاتتى، ئادەتلەنگەن ئىشلىرىمۇ ياقمىغاندەك قىلاتتى. خۇ-
مارلاشقان كۆزلىرىدە ياشلىق ئوتىنىڭ شولىسى يالتىرايتتى .
ھەقىقەتنى ئېيتقاندا ئۇ يۇرىكىدە يېڭىدىن بىخ ئۇرغان مۇھەببەت
غۇسسىسىنىڭ ئاھىنى چېكەتتى، چۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئەل
خوجانەبىنىڭ ئەلچىلىكى، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ رازىلىقىدا شىر-
مۇھەممەد بىلەن ھەقىقىي ساپ مۇھەببەت ئورناتقانىدى. مۇشۇ
ۋەجىدىن ئۇ ئۆزىنى خىلۋەترەك تۇتۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ-
نىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ پىراق ھېسسىنى كۆز ياشلىرى ئارقىلىق
ئىزھار قىلىپ، ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى. شۇڭا، ئادەتتە ئۇنىڭ
كۆپ ۋاقتى ئۆزىگە ئايرىم بېرىلگەن ئۆيدە كىتاب كۆرۈش بىلەن
ئۆتەتتى. بۈگۈن ئۇ ئۆز خانىسىدا قىزىق كىتاب كۆرۈۋېتىپ،
بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئۆزى كىتاب قېتىغا سېلىپ
قويغان شىرمۇھەممەد ئەل خوجا نەبىنىڭ كىچىك قىزى گۈلبەھە-
رەم ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر پارچە مەكتۇپىنى ئېچىپ ھەۋەس
بىلەن قايتا ئوقۇۋاتقاندا توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ، گۈلبەھەرەم
كىرىپ كەلدى. شەمسىقەمەر ئۇنىڭدىن ئامانلىق سوراپ:
— گۈلبەھەرەم يەنە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ چاقچاق
قىلدى. گۈلبەھەرەم ھەييارلىق بىلەن تارتىنمايلا جاۋاب بەردى:
— سىزنى خۇشال قىلغىلى.
— مېنى قانداق خۇشال قىلماقچىسىز؟ — شەمسىقەمەر
قولىدىكى كىتابنى سۇرۇپ قويۇپ ئېيتتى.
— ئۆتكەنكىدەك خەۋەر بىلەن، — گۈلبەھەرەمنىڭ كۈل-
كىسى قىستىدى.
— يەنە خەۋەر بارمۇ؟
— بار، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسىڭىز تېخىمۇ بەك خۇش بولۇپ
كېتىسىز.
— ئېيتىڭا قېنى؟ — شەمسىقەمەر ئالدىرىدى.
— سۆيۈنچە بېرىڭ، ئاندىن ئېيتىمەن، — گۈلبەھەرەم

ئەتەي گەپنى ئۇزاققا سوزدى.
— بولدى ئېيتىڭ، سۆيۈنچە بېرىمەن، — شەمسىقەمەر بەكمۇ تەقەززا بولغاندى.
— قانچىلىك؟ — سورىدى گۈلبەھرەم.
— دېگىنىڭىزچە بولسۇن.
— ئۇنداقتا ئالدى بىلەن دەپ بېقىڭا، نېمە ئېلىپ كەلدىم؟
— مەكتۇپ.
— توغرا بولمىدى.
— ئۇنداقتا نېمە؟
— پاك يۈرەكنىڭ مۇھەببىتى.
شەمسىقەمەر ۋىلىلدە قىزاردى ۋە بىر پەس بوشىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ، رەھمىتى ئۇچۇن گۈلبەھرەمنىڭ يۈزىگە ئاستا سۆيۈپ قويدى. گۈلبەھرەم قوينىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.
— سىزگە شىرمۇھەممەد ئاكامدىن، — شەمسىقەمەر گۈلبەھرەمنىڭ قولىدىن كىتابنى ئاۋايلاپ ئالدى. بۇ «سەنائى نەزمىلىرى» ئىدى، — ئىچىگە قاراڭ، — دېدى گۈلبەھرەم ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىپ.
شەمسىقەمەر شۇ ھامان كىتابنى ۋاراقلاپ، ئاق قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان تۆۋەندىكى خەتكە كۆزى چۈشتى:
«سۆيۈملۈكۈم شەمسىقەمەر، ئامانمۇسىز، گۈلبەھرەم ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. قانچە قېتىم ئوقۇغانلىقىم، راستىنى ئېيتقاندا ئۆزۈمنىڭمۇ تازا ئېسىمدە يوق. ئون قېتىم، ياق ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇغاندىمەن. سىزنىڭ خەتتە بايان قىلغان ئىنسانىي تۇرمۇش قارىشىڭىز، ھايات، ۋاپا، ۋىجدان، ئەخلاق توغرىسىدىكى تەھلىللىرىڭىزنى گۈزەللىك دەرسى، مۇھەببەت روھىنىڭ جەۋھىرى دې

يىشكە ئەرزىيدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن: سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېپىلماس بايلىق. ئۇ كىشىگە نېسىپ بولسا، ئەمما بۇلغانمىسا، خۇددى ئۇ سىز ئېيتقاندەك ۋاپا ـ ۋىجدان نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇرسا، مەن ھەركۈنى سىزنى ئەسلەيمەن، ھەتتا بۇ ئويدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشقا قۇربىم يوق. گويا سىز مېنىڭ ھاياتىمدەك، بارلىق ۋۇجۇدۇم سىزگىلا بېرىلگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇھەببەت ئالدىدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئاجىزمەن. قەدىرلىكىم، مەندىكى بۇ چارىسىزلىقنى چۈشىنىسىز، شۇڭا ئارتۇقچە ئېيتمىساممۇ بولار. سىزگە زامانىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى سەنائىنىڭ نەزمىلىرىنى ئەۋەتتىم. كۆرۈپ بېقىڭ. كەلگۈسىدە پىكىرلىشەرمىز. ھە راست، ئۆتكەندە ئەۋەتكەن غەزىلىڭىزگە ئاھاڭ ئىشلەپ قويدۇم. ئەل خوجانەبى سىزگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. ناخشا بۇ يەردىكىلەرگە بەكمۇ ياراپ كەتتى. ئەپسۇسكى، سىز تېخى ئۇنى ئاڭلىيالمىدىڭىز، بەلكى ھازىرچە ئاڭلاشقا ئىمكان بولمىسا كېرەك. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ بەخت يۇلتۇزىمىز قوشۇلغاندا چوقۇم ئاڭلايسىز، مەن ئۆزۈم چېلىپ بېرىمەن. ھازىر شۇ كۈنلەرنىڭ پاتراق كېلىشىنى ئويلايمەن. ماڭىمۇ، سىزگىمۇ شۇ كۈنلەر تېززەك كەلسە ئىدى. . .

سىزگە ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

شىرمۇھەممەد»

شەمسىقەمەر خەتنى ئوقۇپ بولغاندا ئۇنىڭ يۈرەك دولقۇنىدىن ئۆرغۈپ چىققان قىزىللىق ئىككى مەڭزىگە تەكشى يېيىلغانىدى. گۈلبەھرەم چاقچاق قىلىپ:

— قانداق، خۇشال بولغانسىز، — دېدى.

شەمسىقەمەر بىرنەرسە دېيەلمىدى. ئۇ ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرماستىن قولىغا قومۇش قەلەمنى ئېلىپ، شىرمۇھەممەدكە خەت يازدى. خەتنى چىرايلىق قاتلاپ، گۈلبەھرەمگە ئۇزاتتى.

شەمسىقەمەردىن جاۋاب ئالغان گۈلبەھرەم تېخى ھېلى ئىككىسى پۈتۈشۈپ قويغان سۆيۈنچىسىنى ئېلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ ئوپۇل - توپۇل خوشلىشىپ، يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. شەمسىقەمەر يەنە ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئىشىك قىيا ئېچىلىپ گۈلخانىم كىرىپ كەلدى. شەمسىقە-مەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قىزىم، نېمە كۆرۈۋاتىسەن، — ئانا يېقىملىق ئاۋازدا سورىدى.

— دىۋان، — جاۋاب بەردى شەمسىقەمەر، ئەمما ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى دىۋان بولماي، مەكتۇپ بولغاچقا سەل ئوڭايسىزلان-دى - دە، خەتنى ئىچىگە سېلىپ كىتابنى يېنىغا ئېلىپ يېپىپ قويدى ۋە ئويلىنىپ قالدى. ھەقىقەتەن ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە مۇ-ھەببەت دىۋانىنى ۋاراقلاۋاتاتتى.

— ئۆزۈڭنى بۇنچىلىك ئالغۇزۇۋەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. شۇنچە كۆپ كىتابلارنى كۆرگەندىكىن بەس قىلساڭمۇ بولاتتى.

— ئانا، كىتاب ئەقىلنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھېكمەت ھاياتنىڭ چىرىغى، نۇرسىز قاراڭغۇدا قېلىش ياخشى ئەمەس - تە.

— گېپىڭ توغرا قىزىم، ئەمما سەن. . . ھە، بىز ئەمدى ئۆز ئىشىمىز ھەققىدە ئويلانساقمۇ بولاتتى.

قايسى ئىشنى، — سورىدى شەمسىقەمەر چۈشىنەلمەي.

— بىلىپ تۇرۇپ بىلمەس بولۇۋالغىنىڭنى قارا، سېنىڭ ھېلىقى ئىشىڭنىچۇ؟

— چۈشىنەلمىدىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، سېنىڭ تويۇڭنى دەۋاتىمەن. ئۆتكەندە سەن خەۋەر تاپقانغۇ، ئەمدى نېمىشقا خۇپسەنلىك قىلىسەن!

— . . . مەن . . . . مەن ئۇنى كېچىكتۈرۈپرەك قىلساق-

مۇ بولار دېيۈدىمغۇ؟

— قارا سېنى، نېمىسىنى كېچىكتۈرىمىز. ئاتاڭ، شائىر ئەل خوجانەبىگە «كېلەر ئازنا كۈنى توي كۈنى بولسۇن» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

— دادام ۋەدە بېرىپتىما؟

— ھەئە، ۋەدە بېرىپتۇ. ۋەدىدىن يانسا كىشىگە ئۇيات بولىدۇ - دە!

— ئانا راستىنىلا سىلەر ۋەدە بەرگەن بولساڭلار مەيلى، سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلارچە بولسۇن، مېنىڭ ئۆزگىچە پىكرىم يوق، — شۇ سۆزدىن كېيىن شەمسىقەمەرنىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزىل رەڭ ئالدى. دېيىشىدىغان گەپلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن گۈلخانىم ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. ئانىسى چىقىپ كېتىپ، شەمسىقەمەر ئۇزۇنغىچە ھاياجىنىنى باسالمىدى. ئۇ تويىنى ئويلىدى. بولغۇسى تويىنىڭ خۇشاللىقى ھەققىدە خىيال سۈردى. كۆز ئالدىدا غۇۋا جىلۋىلەنگەن بەختلىك كەلگۈسىنى كۆرگىنىدە يەنە شىرمۇھەممەدنى يادىغا ئېلىپ ۋۇجۇدى يالقۇنلۇق ھېسلارغا تولدى.

ئازنا كۈنى توي بولدى. توي شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتتىكى، پۈتۈن شەھەردىكى يېقىن - يورۇقلارنىڭ ھەممىسى چاقىرىلدى. توي رەسمىيەتلىرى ئادا بولغاندىكىن شەمسىقەمەر شىرمۇھەممەدنىڭ ۋاقىتلىق ئۆيى — شائىر ئەل خوجانەبىنىڭ قورۇسىغا يۆتكەلدى. توي ئەھلىلىرى ئۆز ماكانلىرىغا كېتىشكەندىن كېيىن شەمسىقەمەر بىلەن شىرمۇھەممەد ئالدىن بىساتلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئەپچىلگىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىككى يۈرەكنىڭ سۆيگۈ خۇشاللىقى شۇ تاپتا شادىيانە چۇقان كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، بىراق چۈشىنىش قىيىن بولمىغان ئېغىر - ئېغىر تىنىق بولۇپ سىرتقا ئېتىلىپ چىقاتتى. ئىنسان دېگەن ھېسسىياتنىڭ قۇلى - دە، ھېسسىياتنى تۇتۇۋالغىلى بولمايتتى.

جىملىقنى بۇزۇپ شىرمۇھەممەد سۆز قاتتى.
— سۆيۈملۈكۈم، ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈ يالقۇنلىرىمىز دەسلەپكى نۇرىنى چېچىۋاتقان كۈنلەردە سىز بۇگۈنكىدەك بەختلىك قوشۇلۇش ھەققىدىمۇ ئويلاپ باققانمىدىڭىز؟
— ئەلۋەتتە.
— شۇنداق سۆيگۈ - مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ بىر ھېكمەت، دۇنيادا مۇھەببەت دېگەن بۇ سۆز بىرلا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولمايدۇ. گەرچە بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بۇگۇن قوشۇلۇش رەسمىيىتىنى ئادا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ بەختلىك مۇھەببەت، ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسى ھاياتىمىزدا نامايان بولىدۇ.
— شۇنداق، — تەستىقلىدى شەمسىقەمەر، — مۇھەببەتنىڭ ئۆمرى قوشۇلۇشتا، بىز ئۆمۈر ئۇچۇن قوشۇلدۇق. ياشاش ئۇچۇن مۇھەببەت، مۇھەببەت ئۇچۇن دەھشەتلىك رىيازەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋاپالىق يۈرەك بولۇشى كېرەك، — ئۇ ئۇيالغىنىدىن بولسا كېرەك، ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتالمىدى.
— سۆزىڭىز ناھايىتى توغرا، — دېدى شىرمۇھەممەد بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدە ۋە كەلگۈسى شېرىن، گۈزەل بەختلىك تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەيتتى، ئۇلار تونۇشۇپ توي كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىشقان تالاي - تالاي مەنىلىك سۆيگۈ خەتلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى شەمسىقەمەرنىڭ مەسۇم قەلب تۆرىدە گويا ماھىر نەققاش ئويغان گۈزەل نەقىشتەك ئورنىشىپ قالدى. شىرمۇھەممەد ئاخىر ئوتلۇق تۇيغۇ ئىچىدە شەمسىقەمەرگە يېقىنلاشتى. مۇھەببەت ئالىمىنىڭ بۇ تۇنجى لەززەتلىك ئۇچرىشىشىدىن ئىككى ياش ۋۇجۇدى باھار گۈلىستانىنىڭ ياپراقلىرىدەك تىترەپ

كەتتى. شېرىن مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن شەمسىقەمەرنىڭ يۇرەك-
لىرى سۆيۈنۈپ، چولپان كۆزلىرى نۇرلىنىپ، مەڭزىدىكى
گۇلرەڭلىك زىننىقى مېھىرلىك كۇلدى. شىرمۇھەممەدنىڭ قەلب
جۇشقۇنلۇقلىرى ئۆرلەپ، ئىنسان تۇيغۇسىنىڭ رەناسى — مۇ-
ھەببەت پەرىشتەسى ئالدىدا، ئىشق يالقۇنىدىن يىگىتلىك چىرايى
ئانارىدەك قىزىرىشقا باشلىدى.

## ئۇچىنچى باب

## ئۇ مۇھەببەت ئىزدىگۇچى ئىدى

شەرقنىڭ لاتاپەتلىك نازىنىنلىرىنىڭ نادىر نەمۇنىسى شەم-
سىقەمەر بەختلىك ئائىلىگە قەدەم باسقان كۇنىنىڭ يەتتىنچىسى-
دە، شىرمۇھەممەدنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن
مۇنۇ سەرگۇزەشتىلەرنى بىلىۋالدى:

شىرمۇھەممەد بۇ شەھەرگە كەلگىنىگە ئىككى يىلغا يېقىن
ۋاقىت بولدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن قەشقەردە شىرمۇ-
ھەممەدنى كۆرۇش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇ-
لۇقمۇ ئاڭلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھايات ئۇچۇن بەكمۇ
قىممەت، ئەمما مۇھەببەت ئۇچۇن ئىنتايىن مۇشكۇل بولغان بۇ
ئىككى يىللىق كۇنلەر مۇساپىسى شىرمۇھەممەد ئۇچۇن ئەلۋەتتە
تېز ئۆتمىدى. ئۇ ئاخىر قىيىن ئۆتكەللەر گەجگىسىنى پەستە
قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نازاكەتلىك بەخت قۇشىنى قولىغا ئالدى.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، شىرمۇھەممەد ئەسلىي بۇ شەھەرلىك
ئەمەس. ئۇ قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتىنىڭ سۇلتانى خوتەن گۇل-
شەنىدە تۇغۇلغان داڭدار ئەلنەغمىچى سەيدۇللا ئاكىنىڭ ئوغلى
ئىدى. سەيدۇللا ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭدىشى يوق ماھىر سازەن-
دىلىرىدىن بولۇپ، شېئىرىيەت ۋە ئاھاڭ كامالىتىنىڭ باھاسىز
يۇلتۇزى ئىدى. سەيدۇللا ئاكا تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويۇپ

يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە ئۇماقتىنا ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆردى. كاتتا ئات تويى قىلىپ، ئوغلىغا شىرمۇھەممەد، يەنى شىر مەسەللىك مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدى. ئۇنى بەكمۇ ئاسراپ، ئەتىۋارلاپ تەربىيىلىدى. شىرمۇھەممەد كىچىكىدىن باشلاپ خەلق نەغمىلىرىنىڭ مول دېڭىزىدىن ئوزۇقلىنىپ ئۆس-تى. ئۇ زېرەك ھەم شوخ بالا ئىدى. يەتتە ياشقا ئۇلاشقاندا ئاتىسى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان ياشانغان بىر موللىغا ئوقۇشقا بەردى. موللا ئانچە رەھىمدىل كىشى بولمىسىمۇ، بىراق ساۋاقنى پۇختا بې-رىپ، ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتاتتى. شىرمۇھەممەد تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئۆگەنگەنلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى، ئەخلاقلىق ھەم تۈز خۇلقلىقى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. ئوقۇشىدىن قايتقاندا، ئائىلىسى ئانچە باياشاد ئائىلىلەردىن بولمىغاچقا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقىمۇ ئۆزىگە يارىشا بۇيرۇقسىزلا تۇتۇناتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئاتا - ئانىسى كۆپ رازىمەن ئىدى. بەختكە قارشى شىرمۇھەممەد ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىك-كىنچى يىلى رەھمەتلىك ئانىسى تۇغۇتتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى تەربىيىلەشتە ئەمدى سەيدۇللا ئاكا بىردىنبىر باشپاناھ — غەم-گۇزار بولۇپ ئوغلىنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. شىرمۇ-ھەممەد ئون ئالتە يېشىغىچە ھېلىقى موللىدا ئوقىدى - دە، ئاتىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆيىگە قايتتى. ئەمدى ئۇ بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ، ئاتىسىنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىغا بىمالال قارىشىپ بېرەتتى. سەيدۇللا ئاكا ئوغلى شىرمۇھەممەدنى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز ھۈنىرى سازەندىلىكنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. شىرمۇھەممەد ئالدىدا ئاتا قەلبىدىن ئاققان ئۇيغۇر نەسلىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئىنسا-نىيەت ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۈيلىرى ھەمدە ئۆز مۇھىتىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل نەمۇنىلىرى —

گاهى يۈرەكنى ئېزىدىغان قايغۇ - ھىجران، كۈلپەت - ئەلەم ياشلىرىنى تۆكۈپ، گاھى مۇھەببەت ۋە شادلىق جاۋاھىرلىرىنى چاقنىتىپ، گويا بىپايان دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاش كۈچلۈك نامايەندە بولۇپ، غايەت زور كۆركەم مەنزىرە ئېچىشقا باشلىدى. ئاتىسىنىڭ يۈرەك مۇڭلىرىنى چۈشەنگەن شىرمۇھەممەد ياشلىق ھەۋىسىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان زوق - شەۋقى بىلەن شېئىرىيەت ۋە ئاھاڭ سۇبھىسىنىڭ جانغا راھەت بېغىشلايدىغان سۇزۇك شەبنەملىرىنى تەشنالىق بىلەن سۇمۇرۇپ، ھاياتىنىڭ ياش گۇللىرىنى ياشنىتىپ، كۆڭۈل گۇلىستانىنى بېيىتتى. ئۇ ناھايىتى تېز ئۆگەنگىنىدەك ئۇنۇمىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. شىرمۇھەممەد ئون توققۇز ياشقا كىرگەن باھار كۈنلىرىدە ئاتىسى ئېغىر سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بىر كۈنى سەيدۇللا ئاكا ئۇنى يېنىغا تارتىپ:

— ئوغلۇم، ئاتاڭ بولالمايۋاتىدۇ، — دېدى.

شىرمۇھەممەد شۇ ھامان گويا بىھوش بولۇپ ئايلانغاندەك بولدى:

— دادا، سىز...

سەيدۇللا ئاكا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى بولغاي، ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا دېدى:

— ئوغلۇم، سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىم بەكمۇ زور ئىدى. ھېلىمۇ ئەقلىڭ جايىدا، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. ئاتا كەسپىڭنى قەدىرلە، مەندىن كېيىن قالغىنىڭدىمۇ كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ ئۆگەن. سەن يالغۇز قالمايسەن، مېنىڭ ھەمراھلىرىم ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ بار.

شىرمۇھەممەد ئۆزىدە قانداقتۇر بىر قاتتىق بېسىم سەزدى. ئاتا سۆزىگە پەقەت «گېپىڭىزنى چۈشەندىم» دېگەن قىسقا، ئەمما مەنىلىك سۆز بىلەن جاۋاب بەردى. سەيدۇللا ئاكىمۇ ئوغلىنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئىسسىققىنا كۈلۈپ قويدى.

سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان قىش سوغۇقىنىڭ تەسىرىدىن كەڭ يۇرۇڭقاش دەرياسى يۈزىنى ئىششىتمۇالغانىدى. ئەتراپ مۇڭلۇق ماتەم ـ سۈكۈت مۇھىتىغا چۆكتى. چۈنكى ھايات ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك كىشىسى، كۆڭۈل شېئىرىيىتىنىڭ سادىق ئاھاڭچىسى سەيدۇللا ئاكىدىن مەڭگۈ خوشلاشقانىدى.

ھايات خوشلاشتى بىر زاتتىن، كۆڭۈللەردە پىغان ھازىر،
يۇتۇشقا بەكمۇ ئاجىز بۇ ئەلەمنى كەڭ جاھان ھازىر.

سەيدۇللا ئاكىنىڭ ھازىسىغا بۇ شەھەرنىڭ ئەھلى جامائەت-لىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىشتى. بۇ شەھەرلا ئەمەس، ھەتتا قەشقەر، يەركەنلەردىن مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرىمۇ كېلىشتى. ھازا مۇراسىمى قايغۇ ئىچىدە چوڭ ئۆت-كۈزۈلدى. شىرمۇھەممەد بۇ ھازىدا چىدىغۇسىز ئازاب چەككەن-دىن باشقا دەپنە رەسمىيىتى يەتكۈزىدىغان بەزى ئىشلاردىن ئانچە ئارتۇقچە كۆلپەت چەكمىدى. سەيدۇللا ئاكىنىڭ جەسىتىنى يۇرت ـ جامائەت دەرقەم تۇرۇپ ئۇزاتتى.

باشپاناھسىز قالغان شىرمۇھەممەد ئۆز يۇرتىدىن ئازار يې-مىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمىدى. ئۇ ئاتىسى سەي-دۇللا ئاكىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستى ـ قەشقەرلىك شائىر ئەل خوجا نەبىنىڭ تەكلىپى بىلەن قەشقەرگە بېرىشقا ھازىرلىق كۆردى. ئۇ تەبىئەت ياز ھاۋاسىنىڭ ئىللىق خۇش پۇرىقىغا چۆم-گەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولغا چىقتى. ئۇنى تۇغقانلىرى، ئەل ـ ئاغى-نىلىرى، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى، چىدىماسلىق بىلەن ئۇزاتتى. شىرمۇھەممەد بوستانلىق يۇرت ـ مەھەللىلەر-نى، چەكسىز ساي ـ چۆللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاپتاپ قىزىتقان كۈنلەر، شېرىن سۆھبەتلىك ئايدىڭ كېچىلەردە قەشقەر ـ خوتەن يولىدىكى كارۋانلار سېپى بىلەن ھەمسەپەر

بولۇپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

شىرمۇھەممەد ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، ھېكا-
يىمىزنى تېخىمۇ مەنىلىكرەك قىلىش ئۈچۈن سۆزنى قەشقەرلىك
شائىر ئەل خوجانەبىدىن باشلايمىز:
بىز بىرىنچى بابتىكى ئولتۇرۇشتا يۈزە تونۇشقان شائىر
ئەل خوجانەبى قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مەرىپەتچىلىرىدىن بولۇپ،
ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي روھلۇق ئىدى. شائىرنىڭ كىچىك-
لىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇرالغۇ جايى زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى-
دىكى بىر يېزىدا ئىدى. ئۇ شۇ يەردە ئۆسۈپ، شۇ يەردە ئوقۇ-
دى. ئۇن ياشقا كىرگەندە موللىسى ئېيتىپ بەرگەن ئادەتتىكى
بېيىتلارنى يادقا ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇن ئىككى ياشقا كىر-
گەندە ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازغان بىر غەزىلى ئۈچۈن موللىسى
تەرىپىدىن «نەزمىچىلەر پارس لەۋزى بىلەن يازىدۇ. سەن بۇ
قائىدىنى بۇزۇپسەن» دېگەن تۇترۇقسىز تەنبىھنى ئاڭلاشتىن
قۇرۇق قالمىدى. موللىسىنىڭ شىرنىسىز سۆزلىرىدىن ۋە دىل
ئازار قارغىشلىرىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن ياش شائىر ئاتا ـ
ئانىسىغا بۇ يەردە ئۇزاق ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى، باشقا بىر جايدا
ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئاتا ـ ئانا رۇخسىتى
بىلەن قەشقەر شەھىرىگە، يەنى تۈمەن دەريا بويىغا كېلىپ،
خانلىق مەدرىسىنىڭ ئەڭ كىچىك تالىپلىرىدىن بىرى بولۇپ
ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇزاق مەدرىسە مۇتالىئەسىگە بېرىلگەن ئەل
خوجانەبى ئائىلىسىگە بىر قېتىم بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن
باشقا، بېرىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىدى. ئۇ ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن
كېيىن ئۆيلىنىپ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قالغانىدى.
كۆنىلەر مارجىنىنىڭ يىللار تەسىۋىسىنى تولۇقلىشى بى-
لەن ، ئەل خوجانەبىنىڭ بۇ يۇرتتا تونۇشقان دوستلىرى ۋە
كەسپداشلىرىمۇ كۆپىيىۋەردى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى

شۆھرىتىمۇ ھەقلىق يوسۇندا ئەل ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. ئەل خوجانەبىنىڭ يېنىغا كۆپلىگەن ئادەملەر — ياش شائىرلار، يازغۇچىلار، ئىلىم تەھسىلچىلىرى، مۇزىكانتلار پىكىر ئېلىش، مەسلىھەتلىشىش ياكى سۆھبەتلىشىش يۇزىسىدىن بارا - بارا كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇمۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇراتتى. ئاڭلايتتى، كۆرەتتى، ئۆز بىلىمىنى بېيىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن تېگىشلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، تاش مەتبەئەنەشرىگە خەت كۆچۈرۈپ، ھايات تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئاز - تولا تاپاۋەتمۇ قىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆز يېقىنلىرىدىن داڭدار ئاھاڭ ئىجادچىسى باھاۋۇدۇن تەمبۇرنىڭ ئۆيىدە قۇرۇلغان كاتتا بىر ئولتۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىندى. سورۇن ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ھەم كەڭتاشا ئىدى. داستىخاندىكى نازۇ نېمەت، مېۋە - چېۋىلەر گويا جەننەتنى ئەسلىتەتتى. سورۇن ئارىلىقىدا دۇتتار - تەمبۇرلەرمۇ يۇرەكنىڭ بىلىپ بولماس بىر خىل مۇڭىنى قوزغاپ، يېڭى - يېڭى كۈيلەرگە چېلىنىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز سورۇندىكى جاماڭەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، مۇنداق بىر نەزمىگە ئاھاڭ تەڭكەش قىلىندى:

مەست - بىھوشمەن مەشۇقۇمنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن غېرىب،
مەستلىكىمگە چارىسىزدۇر بولسا مىڭ دانىش تېۋىپ.
كۇلمە ساقىي، ماڭا مۇنچە، سۆزدە گەر كەتسەم ئېزىپ،
چۈنكى مەست - بىھوش كىشىدە يوققۇ ھېچ نۇقسان - ئەيىب.

— ۋاھ نېمىدىگەن كارامەت ناخشا - ھە! — ئارىدىن كىمدۇر بىرى سۆز قاتتى، — غەزەلنىڭ ئەسلىسى كىمنىڭكىن؟

بۇ كۈيگە زەخمەك ئۇرغان ساھىبخان باھاۋۇدۇن جاۋاب

بەردى:

— ئەل خوجا نەبىنىڭ.

— بارىكاللا، ئۇنىڭ ئاھاڭىچۇ؟

ساھىبخان تولۇقلاپ ئېيتتى:

— ئۇنىڭ غەزىلى ئەل خوجانەبىنىڭ، مەن ئۇنى خوتەندە سەيدۇللا ئاكىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىدىم، ئاھاڭنى ئۇ زات ئۆزى ئىشلىگەن.

— ئۇ ئاھاڭ ئىشلەيدۇ دەڭ.

— ئۇچىنچى بىر كىشى سۆز قىستۇردى.

— شۇنداق، ئۇنى ئاھاڭ گۈلشىنىنىڭ تېپىلماس بۇلبۇلى دېيىشكە ئەرزىيدۇ، راستىنلا بىر قېتىم زىيارەت قىلغۇچىلىكى بار ئادەم.

خېلىدىن بېرى ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغان ئەل خوجا نەبى، تەمبۇرچىنىڭ «راستىنلا بىر قېتىم زىيارەت قىلغۇچىلىكى بار ئادەم» دېگەن سۆزىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ئويلىنىپ قالدى. ھەقىقەتىنى ئېيتقاندا، ئۇ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپمۇ يىراقتا تۇرۇپ ئۆزىگە شۇنچىۋالا ئىخلاس قىلغان سەيدۇللا ئاكىنى يادلاپ ئۇزۇنغىچە تىنچلىنالمىدى. ئەل خوجانەبى راستتىن ئاشۇ ماھىر ئاھاڭچىنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلگەن، شۇڭا بىرەر ئاي سەپەر تەييارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەل خوجانەبى خوتەندە سەيدۇللا ئاكا بىلەن ئۈچ ئايدەك بىللە بولدى. ئىككى يۈرەكنىڭ ھېسسىيات دولقۇنى تەڭلا ئۆركەشلەپ، يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى ناخشىلار ئىشلەندى. بۇ ئۆيدە ئەل خوجانەبىنىڭ كۆزىگە سەيدۇللا ئاكىنىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ زېمىنلىك ئوغلى شىرمۇھەممەدمۇ ئىسسىق كۆرۈنەتتى، ھەتتا بۇ ئوغۇلنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى زور ئىجتىھاتىدىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە مۇكەممەل سازەندىلەردىن بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىمۇ

سەزگەنندى. ئەل خوجانەبى يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا شىرمۇھەم-
مەد يىلىننىش بىلەن:

— يەنە بىرئاز تۇرسىڭىز بولماىدۇ، — دەپ تەقەززا قىلغانىدى.

ئەل خوجانەبى بۇ يۇرتقا تويماسلىق، بولۇپمۇ سەيدۇللا ئاكىلارغا قانماسلىق ئىچىدە قەشقەرگە قايتتى. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتمەي سەيدۇللا ئاكىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى - دە، يوقلاش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى. ئەمما ئۇ هازىغا ئۇلگۇرۇپ باردى.

هازا ئەهلى بىلەن ئۇيەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاتا - ئانىسىز قالغان شىرمۇھەممەدنى ئېلىپ قەشقەرگە يانماقچى بولدى. بىراق، سەيدۇللا ئاكىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، يار - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ، بالىنىڭ مەلۇم ۋاقىت مۇشۇ جايدا بولۇشىنى سوراپ، شىرمۇھەممەدنى ئېلىپ قالغان. شائىرنى بولسا ئۇزىتىپ قويۇشقانىدى. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىرمۇھەممەدنى دائىم تۆت كۆزى بىلەن كۇتۇپ تۇردى. كىتابخان مۇئەللىپتىن ئاڭلىغان شىرمۇھەممەدنىڭ باشتىكى قەشقەر سەپىرى ئەنە شۇنىڭ ۋەجىدىن هېسابلىناتتى.

شىرمۇھەممەد پاكار بوي، قارا ساقاللىق، خۇشخۇي كارۋانچى نەسرۇللانىڭ يول باشلىشىدا پېشىنگە يېقىن ئەل خوجا نەبىنىڭ قورۇسىغا كەلدى. ئۇنى شائىر ئۆز خانىسىدا ئالىي مېھىر - هۆرمەت بىلەن كۇتۇۋالدى. بۇ ئۆيدە شائىردىن باشقا ئىككى قىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى شائىرنىڭ 12، 13 ياشلاردىكى كىچىك قىزى گۇلبەھرەم، يەنە بىرى شەمسىقەمەر بولۇپ، ئەل خوجا نەبى شەمسىقەمەرنىڭ يېڭىدىن يازغان «گۇلنامە» دېگەن بىر شېئىرى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى. ئىززەتلىك مېھمانىنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ ئىشلارمۇ بىر مەھەل

يىغىشتۇرۇلدى. پاراڭ خېلى ۋاقىتلارغىچە خوتەن تەسۋىرىدە ئاقتى. سۆز بىرىيەرگە بارغاندا، شائىر تولىمۇ تەقەززا بولۇۋاتقان شەمسىقەمەرنىڭ يېڭى ئەسىرى ئۈستىدە ئاندىن گەپ ئاچتى:

— قىزىم، بۇ غەزىلىڭىز بەكمۇ ياخشى يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى گۈزەل ھېسسىياتلىق پىكىر بۇلاق سۈيىدەك كىشى قەلبىدە زوق قوزغايدۇ. لېكىن، مۇنۇ بىر مىسراسىنى باشقىچە ئۆزگەرتىسىڭىز قانداق، مېنىڭچە، سەل تەمىسىزرەك كۆرۈنىدۇ، - ئۇ قولى بىلەن قەغەز ئۈستىنى كۆرسەتتى.

شىرمۇھەممەد بۇ كۆرۈنۈشتىن ئۆزىدە چوڭقۇر بىر تارتىلىش كۈچىنى سەزدى. بۇ شائىرە قىزنىڭ گۈلدەك ھۆسنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

شەمسىقەمەر شائىرغا بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن گۈلبەھرەم بىلەن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۆيدە ئۈچ كىشى — شىرمۇھەممەد، كارۋانچى نەسرۇللا ۋە شائىرلا قالدى، شائىر دېدى:

— بۇ قىز ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى تالانتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

— ئۆزى قەيەردىن، — شىرمۇھەممەد سورىدى.

— مۇشۇ شەھەرلىك، ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ قىزى، ئىسمى شەمسىقەمەر، پاك ۋىجدانلىق زاتنىڭ نەسلى.

شائىرنىڭ تەرىپلىرىدىن شىرمۇھەممەدنىڭ ۋۇجۇدى يېنىككىنە تىترىدى. بۇ چاغدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان تارتىلغانىدى. ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن ئاشقا بېقىشتى. سەپەر جەبرىسىدىنمۇ ياكى ئۇچرىشىش خۇشلۇقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بىلىپ بولمايدۇ؛ شىرمۇھەممەد خېلى ئىشتەي بىلەن يەۋاتاتتى. كۆڭلىدە بولسا كۈچ يىغىۋاتاتتى. غىزادىن كېيىن نەسرۇللا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ قايتتى. كەچتە شىرمۇھەممەد ئەل خوجا نەبىنىڭ خانىسىغا تۇتاش خالىي

بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋاقىت جەدۋىلى بىزگە ئاسانلا تولۇقلانغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما قەھرىمانىمىزغا نىسبەتەن ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشمىگەن بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلەرنى سەۋر - تاقەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتى، بۇ قورۇ بىلەن تېزلا تونۇشتى. ئائىلە خوجايىنلىرى بىلەنمۇ قوش مېغىزدەك بولۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئۇمۇ بۇ يەردىكىلەرنى ياقتۇرۇپ قالغاندى. بولۇپمۇ ئۇنى كۆپرەك قىزىقتۇرۇۋاتقىنى ئويۇنچى گۈلبەھرەمنىڭ چاقچاقلىرى، تولىراق شەمسىقەمەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ياشلىق ھەزىللىرى ئىدى. «شەمسىقەمەر ئاچام ئەقىللىق ، — دەيتتى گۈلبەھرەم شىرمۇھەممەدكە پات - پات چاقچاق قىلىپ، — خۇددى سىزگىلا لايىق باب.

— بولدى، بولدى، — دەيتتى شىرمۇھەممەد، — ئورۇنسىز گەپ قىلىپ يۈرمە.

— ئورۇنسىز گەپ؟! — ئورۇنسىز گەپ ئەمەس، بۇ بولغان گەپ.

شۇ گەپ بىلەن شىر مۇھەممەدنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى. گەرچە بۇ سۆز ھازىرچە راستتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما گۈلبەھرەمنىڭ ئېيتقانلىرىدىن بۇ يەردە مۇشۇنداق گەپلەرنىڭ بولغانلىقى ياكى شۇنداق بىر ئىشنىڭ دېرىكى بارلىقىدىن مەسۇم قىزنىڭ قەلبىدەك ساپ بىر تۇيغۇ سېزىلىپ تۇراتتى. مېھمان مېھمانچە بولۇشى كېرەك. بىھۇدە قىلىقتىن پۇشايمانغا قالماسلىق كېرەك، — دەيتتى ئۇ دائىم ئۆزىنى جېكىلەپ.

شائىرنىڭ ئائىلىسى ئۆزگىچە ئىدى. بۇ يەردە ھەممە نەرسە بىلىم، ئەقىلنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ئىپادىلىنەتتى. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ بارلىقى ئوچۇق سۆز، خۇش چاقچاق، زېرەك ئادەملەر ئىدى. شۇ كۆڭلەردە شائىرنىڭ چوڭ قىزى خەيرىنىسانىڭ بۇ

ئۆيگە كېلىشى بىلەن ئائىلە ئىچى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېرى كارۋان تارتىپ چىقىپ كەتكەن. خەيرىنىسا تۇنجى ئوغلى مۇخبۇل بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا كەلگەنىدى. خەيرىنىسا بۇ يىل يىگىرمە تۆت ياشلاردىن هالقىغان، باشقا ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاش «گەپتە تۇز، ئىشتا ئۇز» ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە سەككىز ياشتا مەكتەپكە كىرىپ 13 يېشىغىچە ئوقۇغان. كېيىن كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، يېتىپ قېلىپ، ئىككى يىل مەكتەپكە بارالمىغان. ئون يەتتە ياشتا ياتلىق بولۇپ، ئون سەككىز ياشقىچە ئۆز ئائىلىسىدە تۇرۇپ، ئاندىن قايتا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغان تالىبە ئىدى. ئۇ ئوقۇشىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا شەمسىقەمەر بىلەن مەكتەپداش بولغانلىقىدىن ئىككىسى ئىنتايىن يېقىن دوست ـ جۇرىلاردىن بولۇپ قېلىشقان. شۇڭا، ئۇنىڭ شەمسىقەمەر توغرۇلۇق ئېيتقان تەپسىلاتلىرىمۇ ئىسپاتلىغۇسىز هۆججەتلەردىن بولاتتى. شىرمۇهەممەد خەيرىنىسانىڭ پىكرىنىڭ كەڭلىكى، كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ بايلىقى ۋە ئادىمىگەرچىلىكىنى هەرقاچان قايىللىق بىلەن تەستىقلايتتى. كۈتۈلمىگەندە بىر كۈنى خەيرىنىسا ئەينى گۈلبەهرەمدەكلا شىرمۇهەممەدنى غىدىقلىدى. شىرمۇهەممەد ئۆز يۈرىكىنى قانچە ئاشكارىلاي دېسىمۇ نومۇس قىلىپمۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ ئېيتالمايتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىغا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئاخىردا ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئومۇمىي تەكلىپ ۋە هېسداشلىقتىن قەشقەر يۇلتۇزى گۈزەل شەمسىقەمەرگە بولغان هەقىقىي مۇهەببەت تۇيغۇسىنى ئاشكارا ئىزهار قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئابرۇيلۇق، كۆپنى كۆرگەن شائىر ئەل خوجانەبىنىڭ ئاتىدارچىلىقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەلچى ئەۋەتىلىپ، ماقۇللۇق ئېلىندى. ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلىشىپ زەنجىردەك تۇتىشىپ كەتتى. ئەمدى ئىش توي تەييارلىقىدا كېتىۋاتاتتى.

كىشىلەر ئارىسىدا «ئىنسان بەختى جىن ئوتىغا ئوخشايدۇ. قوغلىسا قاچىدۇ، قاچسا قوغلايدۇ» دېگەن سۆز بار. شىرمۇھەممەد بىلەن شەمسىقەمەر ئارىلىقىدا گۈلبەھرەمنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن خەتلەر ئالماشتۇرۇلغان بولسىمۇ، كۆنلەر بارغانچە كەينىگە سۇرۇلۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. شىرمۇھەممەد ئۆز سۆھبەتداشلىرى ئىچىدە دېگۈدەك كۆپ بەزمە ـ سورۇنلاردا بولسىمۇ، ئەمما هامان غەمكىندەك كۆرۈنەتتى. بۇنىڭ ياشلىق سۆيگۈسى هامان ئۆزىنىڭ بەخت يولتۇزىنىڭ چاقنىشى، ۋاپا ئەخلاقتا قادىر، يۈرەك هېسسىنى چۈشەنگۈچى، چىدام ـ مەردلىك مەرغۇلىنىڭ ماهىر كۈيچىسىگە تېزرەك يېتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ مۇھەببەت ئىزدىگۈچى ئىدى.

## تۆتىنچى باب
## قارا سايە

هاياتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، بىلىم ـ ئىجاد، گۈزەل پەزىلەت يالقۇنىنى ئۇلغايتقۇچى كىشىنىڭ كەينىدىن دائىم ھەسەتخورلۇق ۋە دۈشمەنلىكنىڭ رەزىل ساقىندىلىرى سۆرىلىپ يۈرگەن بولىدۇ. ئاپتور بۇ ۋىجدانسىزلىقلاردىن ھەر قاچان ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرسىمۇ، بىراق تۇرمۇش مەنتىقىسى ئۇنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ ئىپلاسلىقلارنىڭ قارا سىرلىرىنى ئېچىشقا قوزغىتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك يازغۇچى ھازىر ئۆزىدە پەيدا بولۇۋاتقان مەجبۇرىيەت ۋەجىدىن بۇ كۆڭۈلسىز ئىشقا تۇتۇندى.

خوش، ئۇنداقتا گەپنى قەيەردىن باشلىغان تۈزۈك؟ بىز گەپنى ئۇنىڭ تەھتىتىدىن باشلايمىز:

شەھەرنىڭ غەربىدىكى كىچىككىنە بىر ئايلانما كوچىدىن ئەگىپ ئۆتكەندە كۆزگە دەرھال تاشلىنىدىغان، خېلى ھەشەمەتلىك سېلىنغان بىر ھويلىغا كىرىمىز. ئازادە پېشايۋاننىڭ دەر-

ۋازىسى ئۈچ گەز كەڭلىكتە نەقىش ئويۇپ ياسالغان. ئازادە پېشايۋاننىڭ سول تەرىپىگە خىلمۇخىل سودا ماللىرى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، قارىماققا بۇ هويلا ئىگىسى-نىڭ سودىگەر تائىپىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىنەتتى. چوڭ شىپاڭ-لىق ئايۋاننىڭ ئۈچ تەرىپىدە ئۈچ ئىشىك بولۇپ، ئۇدۇلىدىكىسى ساراي، ئوڭ ياندىكىسى مال ئامبىرى، سول ياندىكىسى ئازادە سېلىنغان مېھمانخانا ئىدى. مېھمانخانىدا تۆت كىشى ئولتۇرغان هالدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. تۆردىكىسى مېھمان بولسا كېرەك، هېـ-لىقى كىشىگە بەزىدە تەكەللۇپسىزلا گەپ قىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ قارشىسىدا مۇشۇ هويلىنىڭ ئىگىسى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى هاپىز يۇقىرىدىكى ئىككىيلەنگە تولىمۇ بەك يېقىنچىلىق بىلەن ساهىبخانىلىق قىلىۋاتاتتى.

— هەزرەتلىرىنىڭ شەهىرىمىزگە قەدەم باسقانلىقلىرى بىز ئۈچـۈن چـوڭ خۇشاللـىق، — دېدى ساهىبـخان ئىسـ-مائىل، — لېكىن، خانىمىمىز غورىگىل بولغاچقا ئۆزلىرىگە مالاللىق يەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۆزلىرىدەك قەدىردانلار تۇرغاندا كى-شى قانداقمۇ مالاللىق هېس قىلسۇن، — مېھمان بوۋاي شۇن-داقلا ئېيتتى.

— هېـلىمۇ شـەهىرىڭىـزلارنى ياخـشى كۆرۈپ قېلىۋا-تىمىز، - دەپ قوشۇپ قويدى ئۇنىڭ يېنىدىكىسى. ئۇ سۆزلەۋات-قاندا رەڭسىز كۆزلىرى تولىمۇ خۇنۇك كۆرۈنەتتى.

— ئۆزلىرى ئالدىنقى يىلى كەلگەندە ئۇزاق تۇرالمىدىلا، بۇ دورەم كۆپرەك تۇرىدىغانلا؟ — ئىسمائىل سورىدى.

— شۇنداق، ئۆتكەن يىلى كەلگىنىمدە كۆپ تۇرۇش نىيە-تىممۇ يوق ئىدى. ئومۇمەن بۇ شەهەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى كۆزىتىش غەرىزىدە ئىدىم. قارىسام بۇ شەهەر خېلى تۈزۈك جاي ئىكەن. ئالغۇ - بەرگۈ ئىشلىرىدىمۇ نەپ ئالغىلى

بولىدىغاندەك كۆرۈندى. شۇڭا بۇ يىل ئوغلۇمنى ئېلىپ، بىر قىسىم مال بىلەن كەلدىم. ھەزرەتلىرىنى ياردەمدە بولىدىغۇ، دېگەن ئىشەنچتىمەن.

مېھماننىڭ كالپۇكلىرى قانداقتۇر بىر نەپ ئېلىش ئۈمىدىدە ھىجايدى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — كۈچۈكلەندى ئىسمائىل، — ياردەم قولىمىزدىن كېلىدۇ.

— رەھمەت، رەھمەت، ئۆزلىرىدەك ياخشى نىيەتلىك كىشىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن مەن كۆپ خۇشال.

— ھەزرەتلىرى ئەيىبكە بۇيرۇمايلا، ئوغۇلنىڭ ئېتى نېمىكىن؟ — ئىسمائىل گەپ يۆتكىدى.

مېھمان جاۋاب بەردى:

— قاھار.

— نەچچە ياشتىكىن؟

— 32 ياشتا.

— بالا - چاقىلىقتۇ؟

— خوش، ئىككى بالىسى بار.

— كېلىن ھازىر. . . ؟

— يۇرتىمىزدا قالدى، ئېلىپ كېلىش ئەپسىز بولغىنىدىن قالدۇرۇپ قويدۇق.

— ئۇنداقتا. . . ؟

— مۇشۇ جايدىن ئۆيلەندۈرىمىز - دە! — ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— شۇنداق، مۇشۇ جايدىن ئۆيلەندۈرگىنىمىز تۈزۈك. قارىي بۇ شەھەردىن ئۆيلىنىمەن دېسە، نى - نى گۈزەللەر بار، ئۆي - ماكانلىق بولۇپ قالسا سودا - سېتىق ئىشلىرىغىمۇ پايدىلىق.

— مەنمۇ شۇنى ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ شەھەر-

لىك بولۇپ قالساق، سودا ئىشلىرىمىزدىمۇ تۈز تامىدۇ.
ئۆزى ئۈستىدە بولۇۋاتقان بۇ پاراڭلاردىن قاھار ئىنتايىن خۇش بولدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ سۆزلەر گويا ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيغاندەك ئىدى. ساھىبخان چاي قۇيۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. سۆز ئۇرانىدىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ بۇ شەھەرگە «مېھ- مان» ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم بولدى.
بۇ يەردە قەدىرلىنىۋاتقان مېھمانلار ئەسلىدە جۇڭغار ئويماد- لىقىدىكى داڭقى چىققان رىقابەتچى سودىگەر جاپپار قالماق ئى- دى. ئۇ تېرىققا ئۇشكە قويىدىغان پىخسىق كىشى بولغاچقا ئۆز كەسىپداشلىرى ئىچىدە دائىم يېتىم قالاتتى. بىرى بىلەن تو- نۇشقاندا دەسلەپ ناھايىتى يېقىنلىشىپ، ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتەتتىيۇ كۆزلىگەن پايدىسىنى ئېلىپ بولۇپلا پىتنىخورلۇق قىلىپ ئۇنى يامانلايتتى. يۇرتىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭدىن بەزگەچكە نەپرەتلىنەتتى. ئامال بولمىغاندىن كېيىن ئۇ باشقا جايدىن ئۇۋا ئىزدەشكە كىرىشتى. قېرىپ، جېنى تۇمشۇقىغا يەتكىنىدىن خەۋىرى يوق، 65 يېشىدا قەشقەرگە كەلدى. يىرىم يىل دېڭۇ- دەك تۇرۇپ، قۇۋلۇق بىلەن ھېلىقى ساھىبخان ئىسمائىلنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئىسمائىل ئۇنى مېھمانلاپ كۈتۈۋالدى.
جاپپار قالماق قايتىپ كېتىپ، مانا بۇ دورەم بىرى ئىككى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئوغلى قاھارمۇ «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھا- رام» دېگەندەك دادىسىنى دورىغان «ئالا قۇيرۇقنىڭ نەسلى چالا قۇيرۇق» ئىدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە تۆت خوتۇن ئالغان بولسى- مۇ، ھېچقايسىسى بىلەن ئەر - خوتۇندەك ئۆتۈشمىدى. ئالدىنقى خوتۇنلىرى بۇ شەھۋەتپەرەس مەخلۇقنىڭ زورلۇقىغا تاقەت قى- لىپ تۇرالماي نىكاھتىن ئاجراشتى. ھازىرقىسى بىلەنمۇ تازا لىڭگىپاي، ئەپلىشەلمەي تۇرىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ نېمە بولىدۇ، نېمە ئەمەس، ھازىرچە ئۇققىلى بولمايدۇ. قاھارنىڭ ئەنە شۇنداق ئىللەتلىرى بولغاچقا يۇرتىدىكى بىر دېمەتلىكلىرىمۇ

ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ دادىسى بىلەن بىللە جەنۇب
سەپىرىگە چىققانلىقىدىن بەك مەمنۇن ئىدى. بايىقى خوتۇن توغ-
رىسىدىكى پاراڭدىن ئۇنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى يەنە قوزغىلىپ،
سىرتىغا چىقارمىغان بولسىمۇ ئىچىدە بەشىنچى خوتۇننى ئېلىش
قارارى بېكىتىلىپ، ھاراملىقنىڭ خالتىسى بولغان كۆكسى كۆ-
تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تەلەتى ئۇرا كۆزلىرىدىن باشلاپ يۇڭلۇق
ئېڭەكلىرىگىچە غەلىتە بىر تۇسكە كىردى.

بۇ چاغدا ساھىبخان ئىسمائىل كىرىپ، مېھمانلىرىنىڭ
ئالدىغا داستىخان سالدى. ھارام تاماقلارنىڭ ھەربىرىگە قەشقەر
چىنىلىرىدە ھاردۇق ئېشى تارتۇق قىلىندى.

*　　　　*

قاھار كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولا ـ بولماي ئىسمائىلنىڭ
ئوغلى ھاپىزنى خوتۇنبازلىققا ئالدىرىتىشقا كىرىشتى. قاھار
تۇلكە مىجەز، ھارامزادە تەبىئەتتە بولغاچقا ھاپىزنى تېزلا ئەر-
مەك قىلىۋالدى. ھاپىز مەدرىسىدە ئوقۇيتتى. ئۇ مەدرىسىدىن
قايتىپ كېلىپ بولغۇچە قاھار سەۋرسىزلىنەتتى. ھاپىز كېلىشى
ھامان يېنىغا چاقىرىپ، ياقسۇن ـ ياقمىسۇن بولمىغۇر گەپلەر
بىلەن قۇلاقنى ئاغرىتاتتى. ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى «پۇل تاپسام،
باي بولسام، ئۆيلەنسەم، جاي تاپسام» ئىدى. ئۇ ھاپىزدىن
مەدرىسە گۈزەللىرى ھەققىدە ئاڭلىغاچقا بۇگۇن ھاپىزنىڭ كېلى-
شىنى پايلاپ، ھاپىزغا يالۋۇرۇپ ـ ياقتۇرۇپ، ئەتە ئۆزىنى
مەدرىسىگە بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى . ھاپىز يۈز ـ خاتىر
قىلىپ، ياق، دېمىدى، قاھار كېچىنى بەكمۇ تەستە تاڭغا ئۇلى-
دى. ئەتىسى سەھەردە ھاپىز بىلەن بىللە مەدرىسىگە ماڭدى.
ئەسلىي قائىدە بويىچە مەدرىسىدە غەيرىي كىشىلەرنىڭ بولۇشى
مەنئى قىلىناتتى. شۇنداقتىمۇ قاھار ھاپىزنىڭ ھىماتى ئاستىدا

مەدرىسە ئىچىگە كىرىۋالدى. ئۇ تالىپلار قورۇسىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ئىككى تالىبەنىڭ مىكىشىغا كۆز تاشلىدى. كۆز ئۇزمەي چىپكەتكىدەك قادىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، قىزلارنىڭ چىرايىنى ئىنىق كۆرەلمىدى. ئۇلار ئەگىشىپ كىرىشكەندى. قاھار ئارتۇق تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى. تالىپلار يېنىدا مەنىسىز قاراپ تۇرۇشتىن ئىچى پۇشتى بولغاي، قايتىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ چۈشلۈكى ھاپىزغا غىزا ئەكەلگەنلىكى باھانىسىدە يەنە بىر قېتىم مەدرىسىگە كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندە، تالىبەلەر قورۇسىنىڭ ئالدىدا كىتاب ئوقۇپ تۇرغان ئىككى قىزغا كۆزى چۈشتى. قىزلارنىڭ يۈزىدىكى نىقاب بېشىغا تاشلانغاچقا ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈشكە بولاتتى. قاھار ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدى. قىزلار دەرۋازىدىن غەيرىي كىشىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال نىقابلاندى، ئۆزىنى يوقاتقان قاھار دىققەت قىلمىغان بولسا شۇ تاپتا ئالدىدىكى تاشقا پۇتلىشىپ ئاللىقاچان يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. ئۇ ئالدىراش قولىدىكى غىزانى ھاپىزغا بەردى ـ دە، ئۇنى چەتكە تارتىپ سورىدى:

— شەمسىقەمەر، — دېدى ھاپىز ئۇنىڭغا تو- نۇشتۇرۇپ، — شەھىرىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ قىزى.

— ئۇ مەدرىسە تالىبەسىمۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى قاھار.

— ياق بۇ يەرگە ساۋاق ئېلىشقا كەلگەنمىش. ئەسلىي ئۇ ئۆيدە ئوقۇيدىكەن، — تولۇقلىدى ھاپىز.

— نېمىشقا بۇ يەردە ئوقۇمايدۇ؟ — دېدى قاھار.

— ھاجى كۆپ بىلىملىك ئادەم، ئۆزى تەربىيىلەشكە نىيەت قىلغان بولسا كېرەك.

— ئۆزى تەربىيىلىسە ئۇنداقتا بۇ قىز بۇ يەرگە قانداق

بولۇپ كېلىپ قالدى؟
بۇ تېتىقسىز سوئاللاردىن ھاپىز گەپنى ئۈزدى.
— بۇنى مەن ئۇقمايدىكەنمەن، ئىشقىلىپ دادىسىنىڭ چو-
لى تەگمىگەندۇ ياكى باشقىدىندۇر. شۇڭا بۇ يەرگە كەلگەن بولسا
ئېھتىمال.
«ئېھتىمال» سۆزىدىن قاھار كۆپ سوراشقا پېتىنالمىدى.
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يالغۇز يېتىپ، ھاجى قىزى شەم-
سىقەمەر ھەققىدە ناھايىتى ئۇزۇن ئويلاندى. ئۇنىڭ خىيالىدىن
بىر قارا سايە شەمسىقەمەرنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئەگىپ توختى-
دى.

## بەشىنچى باب

# ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز

كەچلىك بەزمە داۋاملىشۋاتاتتى...

مانا ئالدىمدا تۈرلەندى ھاياتقا رەھنەما سۆيگۈ،
گۈزەللىك ۋەسلىدە يانغان مېھىرلىك نۇر - زىبا سۆيگۈ.
ئۆتتۈپتۇ قانچە ئاي - كۈنلەر دىدارغا تەلمۈرۈپ كۆزلەر،
ئەجەپمۇ تەشنا - زار قىلدى كۆڭۈلنى دىلرەبا سۆيگۈ.
ۋاپا ۋە مۇلكى ۋىجداننى ئۆمۈرگە ئەيلىدىم يۇلتۇز،
ۋىسالغا يەتكۈسى تەھقىق ئۈمىدۋار كىمىيا سۆيگۈ.

شىرمۇھەممەدنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان تەمبۇر كۈيىدىن
ئۇرغۇپ چىققان بۇ يېقىملىق سادا تېخى ھېلىلا كەچلىك غىزادىن
كېيىن ئەل خوجا نەبى ئائىلىسىدە تۈزۈلگەن بەزمىدە ئولتۇرغان
نۇرخاتىپ، ھۆسەيىن لەتىپىچىدىن تارتىپ ساھىبخانغىچە ھەم-
مىنىڭ دىققەت قۇشىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. بولۇپمۇ ھۆسە-

يىن لەتىپىچى بەك تەسىرلەندى.

بۈگۈنكى بەزمە ئانچە كاتتا ئۇيۇشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ساھىبخانىنىڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشقانىدى. شائىرنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى تۈزەشتۈرۈلۈپ، ئەركەكلەر شائىر تۇرىدىغان مۇشۇ خانىدا، ئاياللار بۇ خانىغا تۇتاش بولغان خەيرىنىسا ۋە گۈلبەھرەملەر تۇرىدىغان خانىدا جاي ئېلىشقانىدى. بەزمىنىڭ بېشىدىلا شىرمۇھەممەد تويدىن ئىلگىرى شەمسىقەمەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن يۇقىرىدىكى غەزەلگە سېلىنغان ئاھاڭنى ئورۇندىدى. ياندىكى خانىدا ئاياللار جامائەتىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان شەمسىقەمەر شۇ تاپتا ناخشىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە، ئېرىنىڭ بۇ ماھارەتلىك ھۈنىرىدىن ئىختىيارسىز مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ئىككى خانىدىكى ئايرىم - ئايرىم ئولتۇرۇشقان بەزمە ئەھلىلىرىنىڭ بارلىقى ئاشۇ ھېسسىياتقا ئورتاق بولۇشتى. يېڭىدىن تۇرمۇش يولىغا مۇستەقىل قەدەم قويۇۋاتقان شىرمۇھەممەد ۋە شەمسىقەمەر — بۇ ئىككى ياش ئەر - خوتۇن يېقىندىن بۇيان بارلىق زېھنى بىلەن ئىجادىيەتكە بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىرى نەزمىسىنى يازسا، بىرى كۈيىنى ئىشلەيتتى. شۇنداق بولغىنىدىن ئۇلار توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ شەھەردىكى ناخشا دۇنياسىنىڭ يېڭى ئاھالىسى كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك ھالدا كۆپىيىپ كەتتى. كونا ناخشىلارغا يېڭى ناخشىلار قوشۇلغانىدى. مۇشۇ ئىشلار تۈيغۇسىدىن بۈگۈن كەچ شائىر ئەل خوجا نەبى بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز يېقىنلىرى بىلەنلا يېڭى ناخشىلارنى ئاڭلاپ بېقىشماقچى بولدى. ئۆز ئاتىسىدەك مېھرىبان ئەل خوجا نەبىنىڭ مەقسىتىدىن ۋاقىپلانغان شىرمۇھەممەد پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئايالى شەمسىقەمەر ئىجادىنى نامايان قىلدى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، شۇ كۆرۈنۈشتە ئۇ ئۆزىنىمۇ نامايان قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن بۆلەكچىلا روھلۇق كۆرۈنەتتى.

بەزمە كۆيى سېلىككەن ئارىسالدى پەيتتىن پايدىلىنىپ، ھۇسەيىن سۆز قاتتى.

— بىزمۇ باشتا مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلىغانىدۇق. شىر-مۇھەممەد بىلەن شەمسىقەمەرنىڭ تويىدىن مانا ئەمدى بىز ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى تېتىپ ئولتۇرۇۋېتىمىز، — ئۇ سوئال نەزىرىدە نۇر خاتىپقا قارىدى.

— شۇنداق، — دېدى نۇر خاتىپ — رەسسامىلىقتا رېڭى رېڭىگە ماس بولۇش لازىم، دەيدىغان گەپ بار. ئۇكىمىز شىرمۇ-ھەممەد بىلەن شەمسىقەمەرنىڭ قوشۇلۇشى ئەنە شۇنىڭ جۈملى-سىدىن، خۇددى گۈلى گۈلىگە كەلدى.

ھەۋەسلىنىپ ئولتۇرغان ئەل خوجا نەبى تەستىقلىدى:

— ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز.

سۆزنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەت-تى. ئەركەكلەرنىڭ كۈلكە تەسىرىدىن ئۇياقتىكى ئاياللارمۇ گويا بۇلبۇلگويادەك قاقاقلاپ توختاشتى. شىرمۇھەممەد يەرگە قارى-ۋالدى.

بەزمە ئەھلى ئېغىر ياتقۇغا يېقىن تارقاشتى. ئەر - خوتۇن-لار كۆپ تەكەللۇپلاردىن كېيىن خۇشال - خۇرام ئۆز ماكانلىرى-غا جۆنەشتى. ئۇلارنىڭ يېڭى ئائىلىسى ھەقىقەتەن بەختلىك. ئۇلاردا نە ماجىرا، نە قايغۇ تەشۋىشى بولسۇن دەيسىز؟ شىرمۇ-ھەممەد بىلەن شەمسىقەمەرنىڭ چىرمىشىپ كەتكەن مېھىر - مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىز ئىدى.

يېڭى ئەر - خوتۇنلار بەختلىك يېڭى ئائىلىگە قەدەم باسقان-دىن باشلاپ ئۆز تۇرمۇشلىرىنى غايىدىكىدەك قىلىپ تۈزەشتۇ-رۇۋالغاندىن كېيىن، شائىر ئەل خوجانەبىنىڭ تەكلىپى ۋە تۈرت-كىسى ئاستىدا ئۆز خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىي يادىكارلىقلىرى-نى يىغىش، رەتلەش خىزمىتىگە كىرىشىپ كېتىشكەنىدى. كې-رەكلىك نەرسىلەرنى ئەل خوجانەبى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. كۆپلى-

گەن ماتېرىياللارنىمۇ شائىر ئۆزۈندىن بېرى يىغىپ يۈرگەچكە پائالىيەت بەكمۇ راۋان كېتىۋاتاتتى. شىرمۇھەممەد ئاھاڭ مېھ-نىتىگە، ئەل خوجا نەبى بىلەن شەمسىقەمەر ئەدەبىيات تەزكىرى-سىگە تەر تۆكەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە شائىر ئەل خوجا نەبى چوڭراق ھەجىمدىكى داستان ئىجادىيىتىگە كىرىشكەنلىكتىن بۇ جەھەتتىكى بارلىق ئىش شىرمۇھەممەد بىلەن شەمسىقەمەرنىڭ ئۈستىدە قالدى.

## ئالتىنچى باب
## كەلگىندىنىڭ شۇملۇقى

بۇ چاغدا جاپپار قالماق يېڭى بازار رەستىسىدىن ئۆي - جاي ئېلىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن بۇ كوچىنى تولۇق ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى قاھارمۇ پىتىرلاپ تۇرالمىغىنىدىن سەييالىق تورلىرىنى تېخىمۇ كەڭ يېيىشنى باشلىۋەتتى. شەم-سىقەمەرنىڭ غايىۋانە ئوتىدا قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان دەردمەنلىنىڭ كېچىنى تاڭغا ئۇلىمىقى مۇشكۇل بولاتتى. جازانە ئېشىغا ئېچىر-قاپ تۇرغان جاپپارمۇ بۇ شەھەرلىكلەردىن ئۈستىلىق بىلەن كۆپ-لەپ - كۆپلەپ نەپ يۇلۇۋېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قۇۋلۇقىدىن ھازىرچە «مۇكاپات» ئالمىغان شەھەر خەلقى تېخىچە ئۇنىڭ نام - ئۇچۇرىنى ئاڭسىز ھالدا كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ يۈرۈشەتتى. چۈن-كى ئۇ قۇۋلۇق، ئالدامچىلىق نىقابى بىلەن سېپىرلەنگەنىدى.

كىتابخانىمىزنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، بۇ ئىشلار مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئالدىنقى بابلاردا تەسۋىرلەنگەن شىرمۇھەممەد بىلەن شەمسىقەمەرنىڭ تويىدىن خېلى بۇرۇنقى ۋەقەلەر ئىدى.

قاھار ھاپىز بىلەن بىللە مەدرىسىگە بېرىپ، ھېلىقى سا-ھىبجامالنى كۆرۈپ قايتىپلا، بىر ئىزىدا تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنلەپ - ھەپتىلەپ كۆپىيىۋاتقان مال - دۇنياسىغا،

كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋاقىتلىق ئابرۇيىغا ئىشىنىپ، ھاجى ئائىلىسى-
گە قاراپ سىلجىماقچى بولدى. پۇل - بايلىقىم بولغاچقا ھەرقان-
چە ئېگىزدە ئۇچۇۋاتقان ئۆركىگەك قۇشنىمۇ قولۇمغا ئالالىشىمدا
گەپ يوق، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭچە مال - دۇنيا جان، جان
بولمىسا ئۇمۇ بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ھاجى ئائىلىسىگە ئەل-
چى ئەۋەتتى. مەغلۇپ ئەلچى سالپىيىپ قۇرۇق قول قايتتى.
ئارقىمۇئارقا تەكرارلىنىۋاتقان ئەلچىلىك ئۈمىدىنىڭ ھەممىسى
يوققا چىقتى. ئاخىردا ئۇ يەنە شەمسىقەمەرنىڭ ئۆزىدىن خەۋەر
ئاڭلاپ بېقىش كويىدا بىر كەمپىرنى ئەۋەتتى. دەرۋەقە، بۇ
قېتىم ئۇنىڭ ئۈمىدى يەردە قالمىغان، شەمسىقەمەردىن جاۋاب
ئالغانىدى. جاۋابنىڭ مەزمۇنى «ياخشىدۇر يامانىنىڭ تۇتقان گۇ-
لىدىن، گۈزەلنىڭ ئاغزىدىن پۇرىغان پىياز» بولغاچقا، خەۋەرگە
ساقلاپ، ئېغىزىنى تاتلىق ئېتىپ تۇرغان بۇ تەلۋىنىڭ قۇيقا
چاچلىرى ئۆرە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھاپىزنى جىددىي ئىشقا
سېلىشقا كىرىشتى.

ھاپىز خېلى يېتىلگەن سازچىلاردىن ئىدى، كۆپ سورۇن-
لارغا باراتتى. ئەمما، مەدرىسە تالىپى بولغىنىغا قارىماي نەدىكى
بولمىغۇر كىشىلەر بىلەن بىللە بولاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ
قايسىدۇر بىر ئولتۇرۇشتا شەھەرگە يېڭىدىن كەلگەن شىرمۇ-
ھەممەد ھەققىدە ئاڭلاپ قالدى. ھەتتا خىرە - شىرە ئىپادىلىنى-
ۋاتقان شىرمۇھەممەدنىڭ ھاجىغا كۈيئوغۇل بولۇش توغرىسىدى-
كى مىش - مىشلەردىنمۇ قۇلاقسىز بولمىدى. ئۇ مۇشۇ ۋەقەلەر-
نى قاھارغا بىرمۇبىر يەتكۈزۈپ تۇرۇشتىنمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ
دەللاللىق ھۈنىرىدىن قاھار بارغانسېرى جانلىنىپ كەتتى. شۇ-
ڭا، قاھار ئۇنى شىرمۇھەممەدنىڭ كەينىدىن تاپانچىلىققا قويدى.
پايلاقچىنىڭمۇ سەزگۈرلۈكى ئۆتكۈر بولسا كېرەك. كوچىدا بى-
راۋنىڭ گېپىدىن ھاپىز شىرمۇھەممەدنىڭ مىرئەلى ئەخمەت
ئائىلىسىگە بەزمىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە ھايالىسىز بۇ

خەۋەرنى قاھارغا يەتكۈزدى. گۇمانخور قاھار شۇ ھامان ئۇنى ئاشۇ بەزمىگە بىر ئامال قىلىپ، سىرنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ھاپىزنىڭ چاقىرىلمىغانمەن» دېگىنىگىمۇ ئۇنىماي، قانداقتۇر بىر خىلۋەت ئۆينىڭ تۇرتكىسىدە ئۇنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە مىرئەلى ئەخمەتلەر بەزمىسىگە يولغا سالدى. ھاپىز بۇ سورۇندا شىرمۇھەممەدبىلەن ئۇچراشتى ھەم ئۇنىڭ شەمسىقەمەرگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىدىنمۇ ۋاقىپلاندى.

دەرھەقىقەت، قاھارنىڭ تەشۋىشى ئاساسسىز بولۇپ چىقمىدى. شىرمۇھەممەد شەمسىقەمەرگە ئۆيلەندى. چىدىغۇسىز بۇ ئەلەم قاھارنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. ئەمدى ئۇ قانداق قىلسۇن؟ ئۆلىۋالسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا جان تاتلىق، شۇڭا ئۆلمەسلىكى كېرەك. ئۇنداقتا قانداق ياشاشقا بولىدۇ؟ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىردا بىر رەزىل پىلاننى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ پىلاننىڭ ئىجراسىغا ھاپىزنى ياردەملەشتۈرۈپ، دادىسى يۇرتىغا كەتكەندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسىمۇ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى. پەيتنى قولغا كەلتۈرگەن قاھار شۇ كۈنلا ھاپىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ، كۆپ ھەشەم بىلەن مېھمان قىلدى. ھاپىزنىڭ ئالدىغا ئىككى زىخچا ئالتۇن قويدى. بۇ دەھشەتلىك بىر شۇملۇقنىڭ ئالدىن سېلىنغان بوسۇغىسى ئىدى. ئىككى گەۋدە شاراب تەسىرىدىن سەل قىيسايغاندىن كېيىن قاھار ئالدىن تەييارلاپ قويغان پىلاننى ھاپىزغا ئۇستىلىق بىلەن بىرمۇبىر ئېيتىپ چىقتى. ئاخىردا ھاپىزنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرگەن قىياپەتتە تۇرغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ دېدى:

— بۇ تولىمۇ ئېھتىياتلىق ئىش. بىخەستەلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

— شۇنداق، — قوشۇلدى ھاپىز، — سىز ئاكىمىز ئۇچۇن بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازىمەن.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، يىگىت دېگەن مانا شۇنداق

بولىدۇ.

ماختىنىشتىن خۇشاللانغان ھاپىز تۇتەك ئاسمىنىدا قاناتسىز ئۇچۇشقا باشلىدى.

— ئوغۇل بالا دېگەن باتۇرلۇق قىلىشقا يارىتىلغان، — ئۇ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى، — قاچان تۇتۇش قىلىمىز؟

— ئالدىرىماسلىق كېرەك، — قاھارنىڭ كالاچتەك ئېغىزى ھاپىزنىڭ كېلەڭسىز قۇلىقىغا يەملەشتى. سۆز ئاياغلاشقاندىن كېيىن قاھار جامغا شاراب تۆكتى. ئىككى جام تەڭلا سوقۇشۇپ جاراڭلاپ كەتتى.

## يەتتىنچى باب
## ئەنسىز كېچە

رامزان ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كېچىسى، كائىنات كۆمۈردەك تۈن قوينىغا چۆككەن، پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىدا بىرەر يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى.

تۈن شەھەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشتىن سەل ئىلگىرى بۇ يەردە — ھاجى ئائىلىسىدە ئېپتار قىلىنىۋاتاتتى. شىرمۇھەممەد ئەل خوجانەبى بىلەن يەكەنگە ۋاقىتلىق پائالىيەتكە كەتكەنلىكتىن، شەمسىقەمەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان. ئۇمۇ بۈگۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئېپتارلىق مەزىگە ئېغىز تېگىۋاتاتتى. ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلمەن ئاتىسى بىلەن بىللە بولۇش، مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە تولىمۇ خۇشاللىق ئىش ئىدى. بۈگۈنكى كەچلىك غىزانىمۇ ئۇ ئۆز قولى بىلەن راسلىغاچقا، ھاجى ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ، خېلى ئوبدان غىزالىنىۋاتاتتى. غىزا ۋاقتىدا قىزى بىلەنمۇ قانائەتلىنەرلىك

سۆھبەتلىشىپ، قىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ
دۇئا قىلدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھاجى شەم-
سىقەمەرگە دېدى:

— ئوغلىمىز شىرمۇھەممەد قاچان ياناماقچى ئىدى؟

— ئېنىق ئەمەس. ئىش تۈگىسىلا دەرھال قايتىپ كېلە-
مىز، دېگەنىدى، — دېدى شەمسىقەمەر سەل ئويلىنىپ.

— ئۇياقتىن بىرنەرسە توپلىماقچىمىدىڭلار؟

— ھەئە، ئەل خوجا نەبىنىڭ بىر دوستىنىمۇ زىيارەت
قىلماقچى.

ھاجى جىم بولدى. ئۇيان - بۇياندىن گەپ ئېچىپ بىر پەس
گۇيتى - كالام بىلەن ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇپ، خۇپتەنگە تاھارەت ئېلىشقا مېڭىشتى. ھاجى
ساقسىز بولغانلىقىدىن تەرەۋىگىمۇ بارمىدى. نامازدىن كېيىن
يېتىشقا تەييارلىق قىلىندى. ئات باقارنىڭ خوتۇنى يەڭگىگەنلە-
كى ئۇچۇن بۇگۇن ئات باقار يوق ئىدى. شۇڭا قىلىشقا تېگىش-
لىك بەزى ئىشلارنى ھاجى ئۆزى بەجا كەلتۈرۈپ، دەرۋازا -
ئىشىكلەرنى پۇختىلاپ بېكىتىپ ئۆز خانىسىگە ماڭدى. شەمسى-
قەمەر ئانىسى گۇلخانىمنىڭ خانىسىگە كىرىپ كەتتى. شام ئۆ-
چۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىمۇ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، تۈن قوي-
نىغا لەپپىدە سىڭىپ كەتتى.

*          *

قورقۇنچلۇق تۈننىڭ سايىسىدەك ئىككى قارا كۆلەڭگە -
يۇرت ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەندىن كېيىن ھاجى ئائىلىسىنىڭ
كەينىدە پەيدا بولدى. بۇلار قاھار ۋە ھاپىز ئىدى. ئۇلار تېۋىش-
نىڭ يوقلۇقىنى سەزگەندىن كېيىن پاكار تامدىن ئارتىلىپ،
ھاجىنىڭ بېغىغا چۈشتى. پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ، باغ

ئىشىكىدىن ھويلىغا قاراپ ماراشتى. ھويلىدا ئادەم تولغۇل، بىرەر ئۇچار قاناتنىڭ شەپىسىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئىسەنگىرەشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالغان قاھار ھاپىزغا يېقىن كېلىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— ھېلىقى كەمپىر شەمسىقەمەرنى قايسى خانىدە دېگەنىدى؟

— شەرقىي تام ئىككىنچى خانىدە.

— ھىم. . .

مۇدھىشلىقنىڭ ئەسەبىي مەخلۇقلىرى پىچىرلاشتىن توختاشتى. ئۇلار بىر پەس مۇشۇ جايدا پەيت كۈتمەكچى. ئۆز پىلانلىرىنىڭ ئىجراسى ئۇچۇن قارا كۈچ يىغىشماقچى بولۇشتى. ئەسلىدە بۇلار ئالدىنقى قېتىمدىكى ئەلچىلىك ۋاسىتىلىرى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن پىلانى بويىچە شەمسىقەمەرنى ئوغرىلاپ، قاھارنىڭ ئەسلىي ئۈۋىسىغا قېچىشماقچى بولغان. شۇڭا، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈشەتتى. ئەمما، پۇرسەت ئىككى سەۋەب تۈپەيلى قولغا كەلمەي تۇراتتى: بىرى، قاھارنىڭ يوشۇرۇن رەقىبى شىرمۇھەممەد، يەنە بىرى ھاجىنىڭ ئات باقار چاكىرى جالالىدىن ئىدى. ئوغرىلارنىڭ بۇ نىيىتىگە مۇناسىپ شىرمۇھەممەد يەكەن سەپىرىگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئىككىنچى توسالغۇ قىمىرلايمۇ دېمەيتتى. بۈگۈن رەستىدە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ پايلاقچىلىق قىلىپ يۈرگەن ھاپىز، ھاجىنىڭ ئات باقارى جالالىدىننىڭ ئالدىراش كېتىۋاتقان يېرىدە كىمدۇر بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى، ئايالىنىڭ تۇغۇتتا بولغانلىقىدىن قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى شۇ ھامان قاھارنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى. قاھار ئەمدى ئۆز پىلانىنىڭ پۇرسىتىنى تاپقانىدى. شۇنىڭ بىلەن قاتىللىق خەنجىرىنى ئېلىپ، ھەر ئېھتىمال ئۇچۇن راسلىنىپ، ھاپىزنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ قولىدىن ئەسكى ئىشلارنىڭ

ھەممىسى كېلىدۇ. ئۇ ئىشىككە يامىشىپ تۇرۇپ باغ ئىشىكىنى
ئاچتى. قاراڭغۇدا بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىگە ھويلىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى كۆلچەك ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گۇل تەكچىلىرى تاشلان-
دى. ھاجىنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى كۆڭلىدە ھەسەتخورلۇق
ئورۇقلىرىنى كۆپەيتتى. ئىككى مەخلۇق بۇ سۆلەتلىك بىنانى
تەپسىلىي كۆزىتىشكە كىرىشتى. ئۇدۇلدىكىسى ئاتخانا بولسا
كېرەك، ئۇستىگە ئوت - خەسلەر، ئۇنىڭ ئايۋان تەرىپىدىكى
تېمىغا ئوتۇن دۆۋىلەنگەن، پېشايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايۋان
ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا ھەرتەرەپتە بىر ئېغىزدىن ئۆي بار.
دېمەك شەرقىي تام ئىككىنچى خانە باغ تەرەپتە، بىر قۇر تەپسى-
لىي كۆرۈۋالغاندىن كېيىن قاھار ھاپىزنى ھويلىنىڭ چوڭ دەر-
ۋازىسىنى ئېچىۋېتىشكە ئەۋەتتى. بۇنداق قىلغاندا ئەلۋەتتە ئىش
تۈگىگەندىن كېيىن قېچىشقا قولايلىق بولاتتى. ھاپىز ئىشنى
بەلەن تۈگىتىپ، دەرۋازىنى يېرىم ئېچىپ قويدى ۋە شۇ ھامان
قاھارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار تېخى ئەمدىلا ئىشقا تۇتۇنۇش
ئالدىدا توساتتىن يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئۇلارنى
ئالدىرىتىپ قويدى. ئىككىيلەن ھايالسىز ئۆزلىرىنى چەتكە ئې-
لىشتى. ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ، دەرۋازىدىن بىر
ئادەم ھويلىغا كىرىپ كەلدى. بۇ بىزنىڭ قەھرىمانىمىز، گۇزەل
شەمسىقەمەرنىڭ سۆيۈملۈك ئېرى شىرمۇھەممەد ئىدى. ئۇ ھې-
لىلا سەپەردىن قايتقىنىغا قارىماي ئەل خوجانەبىنىڭ ئۆيىگە
كىرىپ بىر ئاز ئولتۇرۇپلا ئۆز قەدىردانلىرى بىلەن ئۇچرىشىش
ئارزۇسىدا كېچىنى تەنھا ئۆتكۈزۈشكىمۇ سەۋرسىزلىنىپ بۇ يەر-
گە كېلىشى ئىدى. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز كېلىۋاتقان شىرمۇ-
ھەممەد ئۇشتۇمتۇت ئېغىزىغا كەپلەنگەن قانداقتۇر بىر نەرسىدىن
ئۆزىنى يات بىر دۈشمەننىڭ ئىلكىدە كۆردى. ئۇنى قاھار بىلەن
ھاپىز تەڭلا تۇتۇۋالغانىدى. شىرمۇھەممەد ئەنسىز تېگىرقاشتىن
ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئېغىزىغا بىر نەر-

سە تىقىلغاچقا ۋارقىرىيالمايتتى. دۈشمەننىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ بوشىنىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قانچە كۈچىنىپ باققان بولسىمۇ كۆكسىگە ئۇرۇلغان خەنجەرنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ گېلىنى ھاپىز بوغۇۋاتاتتى. ھالسىزلانغان تېنىگە قاھار ئىپلاس خەنجىرى بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى.

— جىمىقتى، — دېدى قاھار پەس ئاۋازدا، — ئەمدى ئىشقا كىرىشەيلى.

تۇيۇقسىز جىمىلىقنى بۇزۇپ ئىچكىرىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قاھار ھولۇقتى. ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە پوكۇلداشقا باشلىدى. ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلمەيۋاتقانلىقىنى پەملىگەن قاھار دەرھال ئايۋاننىڭ ئىشىكىگە باردى. قورقۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىتى يول قويمىغان بولسا كېرەك. شۇ ھامان ئىشىكنى سىرتىدىن زەنجىرلىدى. قايتىپ كېلىپ ھاپىزنى ئىزدىدى. ئۇ ئەمدى پىلاننى ئورۇنداشقا رەسمىي كىرىشمەكچى ئىدى. ئەمما، ھاپىز ئۆيدىن چىققان يۆتەل ئاۋازىدىن قورقۇپ ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. ئەسەبىيلەشكەن قاھار ئەمدى ئىش ئەپلەشمىدى دەپ ئويلىدى. ئۇ پىلاننى ئۆزگەرتتى ـ دە، ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى ئايۋان تېمىغا يۆلەپ تىزىپ قويغان ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ يېنىغا باردى. بىر باغ قۇرۇق يۇلغۇننى ئاۋايلاپ تارتتى ـ دە، يانچۇقىنى كولاشقا كىرىشتى. كېچە شامىلىنىڭ كۈچى بىلەن ئوت ئەدەپ كەتتى. ئۇ بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، ئوت يالقۇنى ئوت ـ خەسلەرگە تۇتىشىپ، ھاجى ياتقان خانىغا قاراپ قانسىرىغان تىللىرىنى ئۇزىتىشقا باشلىغاندىلا ھويلىدىن سىرتقا قاراپ قاچتى. قېچىۋاتقاندا نېمىدۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ يېنىدىن پوككىدە يەرگە چۈشتى.

شامال كۈچىيىپ كەتتى. ئاسمان ـ زېمىننى قان رەڭگىدە بويىغان ئوت يالقۇنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئاتلار كىشنەپ، توخۇلار ئۇچۇشماقتا، ھاجىنىڭ خانىسى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە

ئىدى. ئاچچىق ئىس ھىدى ھەم ئوت يالقۇنىنىڭ يورۇقىدىن ھاجى ئويغىنىپ كەتتى. ئالاقزادە بولغان ھاجى تولۇق كىيىنىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئوپۇل - توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپلا ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ئىشىككە قاراپ دەلدۈگىنىپ يۈگۈرۈشكە كۆيۈپ ئاجرىغان بىر تال جەگە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشتى. ھاجى ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى.

بۇ چاغدا قولۇم - قوشنىلار ھەم رەستىنىڭ چوڭ - كىچىك ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ھاجى ئائىلىسىگە تەق بولۇشقانىدى، ئادەملەرنىڭ جان پىدالىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئوت سۇبھىگە يېقىن ئۆچۈرۈلدى. بەختكە يارىشا شەمسىقەمەر ۋە گۈلخانىم ساق - سالامەت قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ھاجى — بۇ مۆھتەرەم زات تېخىچە ئېغىر كۆيۈك ئازابىدا نىمجان ياتاتتى. يېرىم كېچە توختىماي كۆيگەن ئوت ئاپتىدىن پەقەت شەرقىي تامدىكى ئىككى ئېغىز خانە ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيلا ساق قالغان، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى. ئازراق كۆيگەن ياغاچ ھەم شەرقىي ئۆيلەردىكى بىساتلارنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولغاندىن باشقا تۇزۇكرەك بىر نەرسىمۇ قالمىغانىدى.

تاڭ يورۇقى چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەر باغنىڭ ئىچىدىگە سۆرەپ تاشلىۋېتىلگەن شىرمۇھەممەدنىڭ جەسىتىنى ئۇچرىتىشتى. بۇ كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىك ھەممە كىشىنى قايغۇغا سالدى. كۆزلەردىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. شەمسىقەمەر ۋە گۈلخانىمنىڭ چىداپ بولماس يىغىسىدىن يەر - زېمىن تىترەيتتى. كۆڭۈللەر ماتەم سازىنى تەزىيە كۈيىگە چالاتتى. قايغۇلۇق ئازاب ئىچىدە ھەممە ئادەم ھازا كىيىمى كىيدى. شۇملۇقنىڭ قۇربانى شىرمۇھەممەدنىڭ جەسىتى ئەل خوجانەبى، نۇرخاتىپ، ھۈسەيىنلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تاۋۇتقا سېلىنىپ، قارا يوپۇق يېپىلىپ، قەب-

رىستانلىقتا ئىلىپ مېڭىلدى. شەمسىقەمەر ياقىسىنى يىرتىپ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

## سەككىزىنچى باب
## بەختسىزلىك مۆھلىرى

«بالا كەلسە قوش كېلىدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. شەمسىقەمەر ئۆز ھاياتىنىڭ تۇنجى گۈلى شىرمۇھەممەدتىن ئايرىلىپ، تېخى ئۇنىڭ غەم ـ غۇسسىسىنى تولۇق يۇتۇپ بولالمايلا ئىككىنچى قايغۇ بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۇنىڭ مەسۇم يۈرىكىنى زەرداب قىلىپ، ئۈمىد لەيلىزارىنى خازان قىلىۋەتتى. رەھىمسىز كۆيۈك زەربىسىدىن شىكەستىلەنگەن ھاجى كۆپ داۋالاشلاردىن كېيىن ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. شەمسىقەمەر قەدىردان ئاتىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھايات شامىدىن ئايرىلغان بولسا، گۈلخانىم ئۇزۇن يىللىق ئارزۇلۇق جان كۆيەر ھەمراھى بىلەن جۇدالاشتى.

كۈنلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگىمۇ ئىككى ئايچە بولاي دەپ قالدى. ھاجى ئائىلىسى ئەل خوجانەبىنىڭ باشپاناھلىقىدا ئاددىي قىلىپ تۇزەشتۇرۇلدى. ئاتلار سېتىلىپ، مۇۋاپىق خىزمەت بولمىغاچقا، ئات باقار جاللادىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئىشتىن بوشىتىلىپ، ھەق ـ ئەجرى بېرىلىپ قايتۇرۇلدى. ھۇجرىدا پەقەت گۈلخانىم بىلەن شەمسىقەمەرلا يالغۇز قالدى. ئۆي ئىشلىرى كۆپ بولمىغاچقا، شەمسىقەمەر پات ـ پات ئەل خوجا نەبىنىڭكىدىمۇ بولاتتى. پاجىئەدىن كېيىن ئۇنىڭ يېزىشقا ھەپسىلىسى بولمىغاچقا، شائىرغا كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ بىرەر ئەسىرى يوق ئىدى. شائىر ۋە شىرمۇھەممەدنىڭ ھايات چېغىدىكى دوستلىرىنىڭ كۆڭۈل كۆتۈرگۈچ تەسەللىلىرى ۋە ھەر تەرەپتىن قىلىنىۋاتقان مەدەت ـ ياردەملىرى

ئارقىسىدا ئۇ يەنە يېزىشقا كىرىشتى. بىر كۈنى ئەل خوجا نەبىنىڭ كىتابخانىسىغا كېلىپ، شائىرنىڭ ئالدىغا تۆۋەندىكى غەزەللەرنى قويدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياش تامچىلىرى مەرۋايىتتەك تۆكۈلەتتى،

هاياتىم بەرگى ئۆرتەندى، شىرىمگە قانمىدىم ھەرگىز،
ئۇنىڭغا ئەيلىگەن ئەھدۇ - ۋاپادىن يانمىدىم ھەرگىز.
ئۆمۈرلۈك سۆيگۈ گۈلشەنىم ۋاقىتسىز سارغىيىپ سولدى،
نېتەيكى، ئەمدى ئەقلىمنى يوقاتتىم، تاپمىدىم ھەرگىز.
نېچۈن ئۇ ئاشىقىم ئۆلدى؛ نېچۈن مەن دەرد ئارا قالدىم،
يېشىشكە سىرى پىنھانىنى شۇ يولدىن قايتمىدىم ھەرگىز.
ھامان مەن ئەسلىي ۋەدەمدە، ئۇنىڭدىن يانمىقىم يوقتۇر،
بۇ يولدا بارلىقىم تەقدىم، قىساسقا قانمىدىم ھەرگىز.
يوقالسام ئەسلىسۇن يۇرتۇم ئەگەردە گۆرگە كەتسەممۇ،
ۋاپادارىم يولىدىن ئەگىشەرمەن، ھارمىدىم ھەرگىز.
جاھانغا نۇر چېچىپ ئۆتمەي، بولالماسمەن قەمەر يا شەمس،
دېمەككى، كۆكتە چاقنارمەن ھامانە، شەبىگە پاتمىدىم ھەرگىز.

مەرسىيەنىڭ مۇڭىدىن ئىختىيارسىز باغرى يارىلانغان ئەل خوجا نەبىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئىچىنىشلىق ئازاب ياشلىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە تۆۋەندىكى باشقىچىرەك يېزىلغان غەزەلنىڭ قۇرلىرىغا ئاغدى. بۇ غەزەلدە قانداقتۇر بىر پىنھان سىر يوشۇرۇنغاندەك ئىدى.

تەكەببۇر كۆزلىرىڭ رەڭسىز، ۋۇجۇدۇڭ پىتنىگە ھەمراھ،
غادايغان بويلىرىڭ بىلسەڭ كۆرەڭلەر ئەھلىگە ھەمراھ.
ئۆزۈڭنى ئۇنچە مەست قىلما ۋاقىتلىق ئامىتىڭ بىرلە،

بىلەمسەن، پەسلى دۇنيادا كۆرەڭلىك ۋەھىمىگە ھەمراھ.
شۇنى ئېيتاي سۆزۈم ھەقلىق ۋاپاغا ئاشىنا ئۆلمەس،
ئەگەر ئۇ ئۆلسىمۇ روھىي ۋاپادار بەزمىگە ھەمراھ.

شەمسىقەمەر ئالدىنقى شېئىرىدا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ھەسرىتىنى، ئىرادىسىنى بايان قىلغان بولسا، كېيىنكى شېئىرىدا نامەلۇم قاتىلنىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلغانىدى. ھەمدەردلىكىدىن ئۆپكىدىگەن شائىر ئەل خوجانەبى بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي قالدى.

— بەختسىزلىك مۇڭلىرى، — دېدى ئۇ ئارىدا ئاران ئۆزىنى تۇختىتىپ، — شىرمۇھەممەدنىڭ ۋە ھاجىمنىڭ ۋاقتىسىز كۆز يۇمۇشى سىز ئۇچۇنلا ئەمەس، ھەممىمىز ئۇچۇن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان چوڭ قايغۇ. كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، قىزىم، بىز ھەممىمىز قاتىلنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ، ئۇنى پاش قىلىپ، جەزمەن تېگىشلىك جازاغا مەھكۇم قىلىمىز.

شەمسىقەمەر ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. ئەل خوجانەبى تەسەللى بەردى.

— سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن، — دېدى شەمسىقەمەر ئۆزىنى بەزلەپ، — قىساسىمنى ئالمىغۇچە مەن ئۆمرۈمدىن رازى ئەمەس.

— شۇنداق، قىزىم، — دېدى ئەل خوجانەبى، بىز ھەممىمىز شۇ ئويدا، — ئۇ سەل ئويلىنىۋالدى، — ھۇسەيىن قاتىلنىڭ ئىزىدىن قوغلاۋاتىدۇ.

— ھە، راست، ئوت كەتكەن كېچىسى قاتىل چۈشۈرۈپ قويغان ھېلىقى كۈمۈش ساپلىق پىچاقنىمۇ ھۇسەيىنكامغا بېرىۋىدىم، — شەمسىقەمەر جىددىيلىشىپ كەتتى، — ئۇ پىچاقچىدىن سوراپ باقماقچىدى، قانداق بولدىكىن؟

— خەۋىرىم بار، ھۇسەيىن بۈگۈن ئاخشام كەلمەكچى.

ئېھتىمال ئۇچۇرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.
شەمسىقەمەر مەمنۇن بولدى، ئەل خوجانەبى ئۇنىڭغا قارىدى. شەمسىقەمەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇلۇغۋارلىقنىڭ نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

## توققۇزىنچى باب
## مەشۇقنىڭ قەيسەرلىكى

شائىر ئەل خوجا نەبىنىڭ خۇسۇسىي كىتابخانىسى كىتاب ئاشىقلىرىنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان خەزىنىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى يىللاردا شائىر كۆپرەك مۇشۇ جايدا ئىشلەيتتى. ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەزىز كىشىلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە سۆھبەت بەزمىسى ئۇيۇشتۇرغاندىن كېيىن، باشقا غەيرىي كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن نېسىۋە ئالدۇرمايتتى. نېمىشقا دېسىڭىز، بۇ ھەرخىل پىتنە ـ پاسات، يامان كۆزدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى بولۇپ، ئۆزى ئۇچۇنمۇ پايدىلىقراقتەك ھەم تەبىئىيرەك تۇيۇلاتتى. بۇگۈنمۇ ئۇ مۇشۇ كىتابخانىدا ئىشلەۋاتاتتى. شائىرنىڭ كۈتكىنىگە مۇۋاپىق ئىشىكتىن نۇرخاتىپ بىلەن ھۇسەيىن كىرىپ كەلدى. شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ دوستلىرىغا ھۆرمەت بىلدۇردى ۋە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئۇچەيلەن بىر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن شەمسىقەمەرنى چاقىرىپ كەلمەكچى بولۇشتى. شائىر شەمسىقەمەرنىڭ قىشىغا قىزى گۈلبەھرەمنى ئەۋەتتى.

— بۇنىڭدىن شەمسىقەمەرنى ۋاقىپلاندۇرماسلىق ياخشىراقمىكىن؟ — ھۇسەيىن سۆز قاتتى.

— قايسى سەۋەبتىن؟ — شائىر سورىدى.

— ئۇ ئاڭلىسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالمايدۇ، شۇڭا ئېيتمىغان تۈزۈك بولارمىكىن دەيمەن.

— ياق، بىز شەمسىقەمەرگە ئىشنىڭ جەريانىنى تولۇق

ئېيتىشىمىز زۆرۈر، ئۇ ئەقىلسىز ـ نادانلاردىن ئەمەس، هايات سىرلىرىنى چۈشەندى ۋە چۈشىنىۋاتىدۇ، ــ شائىر دانىشمەندلەرچە سۆزلەيتتى.

ــ توغرا، بىز ئۇنىڭغا ئېيتىشىمىز لازىم، ــ نۇرخاتىپمۇ قوشۇلدى. ھۇسەيىنمۇ قوشۇلغانلىق ئىشارىتىنى بېرىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئىشىكتىن شەمسىقەمەر كىردى ۋە ھەممەيلەنگە سالام بېرىپ ئورۇن ئالدى.

ــ قىزىم، ــ دېدى سەل ئۆتكەندە ئەل خوجانەبى، ــ بۈگۈن سىزگە پاجىئەنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېيتماقچىمىز، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىڭىزنى بىر ئاز بېسىۋېلىشىڭىز زۆرۈر، ــ شەمسىقەمەر ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى.

ــ سىر ئېچىلدى، ــ ھۇسەيىن جىددىيلىشىپ كەتكەندى.

ــ سىر ئېچىلدى؟ ــ سەسكىنىپ كەتتى شەمسىقەمەر، ــ تېزرەك ئېيتىڭ، مەرھۇمنىڭ قاتىلى كىم؟ ــ غەزەپتىن شەمسىقەمەرنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى.

ــ قاتىل، ــ دېدى ئەل خوجانەبى، ــ ھازىر تېپىلدى، ئۇ يېڭى بازار رەستىدىكى جاپپار قالماقنىڭ ئوغلى قاھار.

ــ قاھار؟ ــ چۆچۈپ كەتتى شەمسىقەمەر.

ــ ھەئە، ــ دېدى نۇرخاتىپ، ــ قاتىل شۇ، شىرمۇھەممەدكە ئاشۇ ئىبلىس خەنجەر ئۇرغان.

ــ يالغۇز ئۆزى؟

ــ شېرىكى ھاپىزمۇ بار ئىكەن.

ــ ھازىر ئۇلار قەيەردە؟ ــ شەمسىقەمەر قەتئىيلەشتى.

ــ ھاپىز، ــ جاۋاب بەردى ھۇسەيىن، ــ شىرمۇھەممەدنى قەتلى قىلىشقا ياردەملەشكەن، ئەمما كېيىنكى ئىشقا قول سېلىشقا پېتىنالمىغانلىقىدىن قورقۇپ تىكىۋەتكىنىچە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھېچقانداق جايدا ئىز ـ دېرىكى بولماپتۇ.

— قاھار ھازىر شەھىرىمىزدە بار.

— ئۇنىڭ بارلىقى بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئىش، — شەمسىقەمەرنىڭ كۆزلىرىدىن قىساس ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى، — بىز ئۇنىڭدىن...

— جەزمەن قىساسىمىزنى ئېلىشىمىز كېرەك! — شەمسىقەمەرنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئەل خوجانەبى ئۇلاپ ئېيتتى.

— قاتىل ئېنىق، — دېدى ھۇسەيىن، — ئۇنداقتا ھەممىڭلار ئىجازەت بېرىڭلار. ئۇنى ئۆزۈملا يىغىشتۇرۇۋېتەلەيمەن.

ئەل خوجانەبى شەمسىقەمەرگە قېنى، نېمە دەيسىز، دېگەندەك قارىدى.

غەزەپ كۈچىنى بېسىۋالالمىغان شەمسىقەمەر شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ مەردانىلىك بىلەن ئېيتتى:

— مەن ئەمدى چۈشەندىم، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر، ھازىر ئىشنىڭ تەكتىگە تولۇق يەتتىم. ئەسلىدە شىرمۇھەممەدكە قاتىل بولغۇچى بۇ ۋەھشىي ھايۋان قاھار بىزنىڭ تويىمىزدىن ئىلگىرى ماڭا بىر قانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغانىدىم، ئۇنىڭ مەقسىتىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن بۇ قەدەر شۇملۇقنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. شىرمۇھەممەد ۋاپاتىدىن تېخى بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۇ يەنە ماڭا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. بۇ پەسكەش، نىجىس ئەمدى ۋەھشىيلىكىدىن قول ئۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ھەدەپ ياۋۇزلىشىپتۇ. بوپتۇ، مەن ئەمدى ئۇنىڭغا رازىلىق بېرىمەن.

— ھە! ! — ئەل خوجا تەئەججۈپلەندى.

— شۇنداق ئاتا، — ئىزاھلىدى شەمسىقەمەر، — يولۋاسنى يوقىتىش ئۈچۈن يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرىش كېرەك. قاتىلنى يوقىتىشتا مەندە بۇنىڭدىن باشقا ياخشى چارە يوق.

شائىر ئەل خوجانەبى ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەندى.

— سۆزىڭىز توغرا قىزىم، — دېدى تېڭىرقاشتىن ئازاد بولغان ئەل خوجانەبى دېدى، — بولمىغاندا سىزنىڭمۇ ھاياتىڭىز... — ئۇ شەمسىقەمەرگە جىددىي قارىدى.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇ قاراشتىمەن، — دېدى شەمسىقەمەر ۋە داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن شىرمۇھەممەدنىڭ يۈرىكى سۆيگەن مەشۇقى، شۇڭا ھەقلىق يوسۇندا ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئۆزۈم ئېلىشىم كېرەك.

— سىز! ؟ — نۇرخاتىپ ساراسىمىگە چۈشكەندەك ھالەتتە شەمسىقەمەرگە قوللىرىنى ئۇزىتىپ قالدى.

— شائىر ئاتا، سىز ئانامغا ئېيتىڭ، ئۇنى كۆندۈرۈڭ. تويغا تەييارلىق قىلسۇن! — شەمسىقەمەرنىڭ قەيسەرلىكى بۇ يەردىكى ئۈچ ئەرنى ھەيران قالدۇردى.

— قىزىم، مەن سىزنىڭ پاك ۋىجدانىڭىزنىڭ ھىممىتىگە قوشۇلىمەن، — ھاياجانلانغان ئەل خوجانەبىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى، ھۇسەيىن، نۇرخاتىپلارمۇ شەمسىقەمەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، شائىرنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى.

— ئۆزىڭىز بەكرەك پەخەس بولۇڭ.

غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن ۋۇجۇدى يالقۇنلىنىۋاتقان شەمسىقەمەر ھېلىقى قاتىل چۈشۈرۈپ قويغان كۈمۈش ساپلىق پىچاقنى قولىغا ئالدى. كۈچكە تولغان بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ سېپىنى چىڭ سىقتى.

*　　　　　*

بۈگۈنكى توي ئىككى جايدا بولغىنىغا يارىشا مېھمانلارغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلمىدى. شەمسىقەمەر قانچىلىك ئازابلانمىدى دەيسىز؟ ئەكسىچە قاھار كۈتۈلمىگەن بىر جانانغا ئېرىشكەنلىكىدىن

ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. ئۇنىڭچە بۇ دىلبەرگە ئېرىشىش ئاسانغا چۇشمىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، توي كۇنى ئۇ ئارتۇقچە غادىيىۋالغانىدى. مېھمانلار تارقاشقاندىن كېيىن شەمسىقەمەر قاھارنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىندى. يەڭگە خوتۇن ئۆيگە شام ياقتى. ئىككىيلەن كۆپمۇ پاراڭلاشمىدى. شەمسىقەمەرنىڭ پاراڭ سېلىشقىمۇ رايى يوق ئىدى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغاندا يەڭگە خوتۇن شەمسىقەمەرگە ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىپ، گۇلخانىم ئەۋەتكەن، شەمسىقەمەر ئۆزى تەييارلاپ قويغان بوغچىنى ئۇنىڭ يېنىدىراق بىر يەرگە سۇرۇپ قويۇپ، شەمسىقەمەردىن ئۆزرە سوراپ، باشقا بىر ئۆيگە يېتىشقا چىقىپ كەتتى. ۋاقىت تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆتمەكتە. شەمسىقەمەر يېنىدىكى بوغچىنى تارتىپ، ئالدىراش ئىچىنى ئاختۇرۇشقا تۇتۇندى. كۇمۇش ساپلىق پىچاق ئۆزى قويغاندەك تۇراتتى. ئۇ پىچاقنى ئېلىپ پەم بىلەن ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆكسى قاتتىق - قاتتىق ئېلىنغان نەپەس تەسىرىدىن ئۆكسۇپ - ئۆكسۇپ كۆتۇرۇلەتتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ قاھار كىردى. شام يورۇقىدا رەقىبىنىڭ ھىجايغان تەلەتى تولىمۇ سەت كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىدىكى نەپرەتنى زورىغا بېسىپ، قاھارغا قاراپ مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى. — ئاپئاق گۇزىلىم، سىزنى قولغا كەلتۇرۇش مەن ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئاسانغا كەلمىدى، — قاھارنىڭ بۆرىدەك خارقىراق ئاۋازىدىن ئۆي ئىچىدە ئاچچىق شارابنىڭ سېسىق پۇرىقى تارقالدى. ئۇ ئىچىۋالغانىدى.

— شۇنداق ، — دېدى شەمسىقەمەر مەنىلىك قىلىپ، — ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشى ھەقىقەتەن بەكمۇ مۇشكۇل بولدى.

— مەن سىز ئۇچۇن كۆپ يول ماڭدىم، — قاھار تۇلكىلىك قىلدى، — بۇگۇن ئاخىر تېپىشتۇق.

— مەنمۇ سىزنى ئىزدەپ، سايىڭىزدىن چاپقانەكلا يۇر -

دۇم، — شەمسىقەمەرنىڭ ئاۋازى سالماق چىقاتتى، — بىر يەرگە كېلەلمەسلىكىمىزدىن كۆپ غەمدە ئىدىم.

— شۇنداق، گۈزىلىم، شۇنداق، — ئاللىقاچان شەمسىقەمەرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان قاھار ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، — بۈگۈن بىزنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىمىزغا قاندىغان كۈنىمىز.

— توختاڭ، — دېدى شەمسىقەمەر، — بۈگۈن ھەقىقەتەن سىز ئارزۇيىڭىزغا قاندىغان كۈن.

— سىزچۇ؟

— مەنمۇ ھەم شۇنداق، ئارزۇيۇمغا تولۇق يېتىدىغان كۈن.

شەمسىقەمەرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە يېتىشتىن يىراق تۇرغان قاھار ئۇنى راستلىققا دارىپ چۈشەندى.

— يېتىڭ! — دېدى قاھار شەمسىقەمەرگە ئورۇننى كۆرسىتىپ.

— سىز ئاۋۋال يېتىڭ!

— سىزچۇ؟

— مەن تېخى يېشىنمىدىم.

— يېشىنىۋېرىڭ.

— شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يېشىنىمەن. بولمىسا ئۇيىلىمەن.

قاھار شەمسىقەمەرگە تەييارلانغان ئورۇننىڭ يېنىدىكى كۆرپە ئۈستىگە كۈچ بىلەن تاشلاندى. ئىچىملىك مانا شۇ تاپتا ئۆز تەسىرىنى تازا كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نەپىسى تېز - تېز ئۇرۇلاتتى. شەمسىقەمەر بولسا ئۇنىڭ يېنىدا بۇ ئىپلاسقا قاراپ غەزىپىنى يۇتۇپ ئولتۇراتتى. قاھار ئۇنى يەنە يېتىشقا ئالدىراتتى. شام ئۆچۈرۈلدى. شەمسىقەمەر ئېھتىيات بىلەن ئورنىغا كەلدى . ئۇ يېشىنغان بولۇپ، ياستۇقنىڭ ئۈستىدىن

پىچاقنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، زەرب بىلەن قاھارنىڭ كۆكسىگە ئۇردى.

— ۋايجان! — قاھار شۇ ھامان تىپىرلاپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشىپ كۆردى. قايتۇرۇپ سېلىنغان ئىككىنچى پىچاق زەربىدىن تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى. گەرچە ئۇ سەكراتتا بولسىمۇ تىنىمسىز قارشىلىق قىلاتتى. توساتتىن ئۆتكۈر پىچاق شەمسىقەمەرنىڭ سول قولىنى سىجىپ ئۆتۈپ كەتتى. قەھر ـ غەزىپىنى رەقىبىگە مەركەزلەشتۈرگەن شەمسىقەمەر بارلىق كۈچىنى يىغدى ـ دە، قاھارغا پىچاق سېلىشقا باشلىدى. ئالاھازەل ئۈچ ـ تۆت قېتىملىق پىچاقنىڭ ئەجەللىك زەربىسىدىن كېيىن ئاندىن قاھار ھالسىزلىنىپ، ئۇنى بارغانسېرى پەسلەپ، ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شەمسىقەمەر تېخىچە ئۆرە قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز خارت ـ خارت قىلغان ئاۋازدىن قورقۇپ يۈرىكى گۇپۇلدەپ كەتتى. ئۆلمىدىمۇ، نېمە؟ ئويلىدى ئۇ. گويا شۇ تاپتا قاھار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى بوغىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ تەمتىرىگەنلىكىنى ھەقىقىي سەزگەندى. ھولۇققانلىقىدىن شۇ ھامان پىچاقنى قاھارنىڭ كۆكسىگە كۈچ بىلەن سالدى. تۇگەشكىلى خېلى ئۇزۇن بولغان بۇ ئەبلەختىن كىچىككىنە بولسىمۇ تىرىكلىكنىڭ تىنۋشى كەلمەيتتى. ئۆز رەقىبىنىڭ جېنىدىن جۇدالاشقانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەندىلا ئاندىن شەمسىقەمەر ئېسىنى يىغدى. ئۇ ئەمدى بىلدىكى، قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرى سىرقىرايتتى. پىچاق سانجىغان قولى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشاتتى. ئۇ قاراڭغۇدا قاھار ياتقان يەرگە قارىدى ۋە قەھرى بىلەن دېدى:

— ئېپلاس! شۇملۇقنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق ئاياغلىشىدۇ، سەن ئەمدى ئارزۇيۇڭغا تولۇق يەتتىڭ!

ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋەررۈك بوغچىسىنى ئالدى ـ دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

شەمسىقەمەر يىتىپ كەلگەندە ئەل خوجا نەبىنىڭ ئۆيىدە شائىر، نۇرخاتىپ، ھۆسەيىنلەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى. شەمسىقە-مەر دالاندا كىيىمىنى يەڭگۈشلىدى ۋە ئۆيگە كىرىپ، بولغان ۋەقەدىن بۇ يەردىكىلەرنى ۋاقىپلاندۇردى. ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولغانلىقىدىن ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى ھەمدە ئالدىن كۆرۈلگەن تەييارلىق بويىچە سۈبھىدىن بۇرۇن نۇر خاتىپ، ھۆ-سەيىنلەر شەمسىقەمەر ۋە گۈلخانىمنى ئېلىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىشماقچى بولۇشتى. سەپەر ئۈچۈن ئاتلار تەييارلاپ قويۇلغانىدى. گۈلخانىم چاقىرىپ كېلىندى. بۇ چاغدا گۈلخا-نىممۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشىدىن تەپسىلىي ۋاقىپلاندۇرۇلدى. ئۇمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ مەسلىھىتىگە رازىلىق بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆيى-دە بولسا ھاجىنىڭ چوڭ قىزى ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئولتۇماق-چى بولدى. ئۇلار كۆچۈپ كېلىپ بولغۇچە قاراشقا شائىرنىڭ كۈيئوغلى ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش زومەھەلگە يېقىن نۇر خاتىپ، ھۆسەيىنلەر ئۆز ئاتلىرىغا، شەمسىقەمەر بىلەن گۈلخانىم ئەل خوجا نەبى تەرىپىدىن بېرىلگەن يارام ئاتلارغا مىنىشىپ، ئەگىمە كوچىلاردىن ئۆتۈپ، يىراق خوتەن تۇپ - رىقىغا ــــ شىرمۇھەممەدنىڭ ئانا يۇرتىغا قاراپ مېڭىشتى. ئەل خوجا نەبى قايغۇ ئىچىدە ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى.

* *

ئۇلار يەتتە كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەر ئارقىلىق تەكلىما-كان دەشتىنى ئەگىپ بېسىپ، بىر كۈنى كەچ ئەسىر مەزگىلىگە يېقىن خوتەنگە چۈشتى. ئەل خوجانەبىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن شىرمۇھەممەدنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاتا مىراس ئۆي - ئىمارەتلىرى بۇ ئەزىز مېھمانلارنى، توغرىسى بۇ ئۆي ـ ئىمارەت-لەرنىڭ ھەقلىق خوجايىنلىرىنى ئىسسىق چىراي قارشى ئالدى. شىرمۇھەممەدنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يۇرتداشلىرى ئۇلارنى كۆپتىن ـ كۆپ ئەتىۋارلاپ كۈتۈۋالدى. شەمسىقەمەر ھەم ئۇنىڭ

ھەمسەپەرلىرىگە بۇ كۆركەم دىيار بارغانسېرى تولىمۇ يېقىملىق ۋە گۈزەل كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بۇ يەرگە چاپسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى.

شەمسىقەمەر خوتەنگە كېلىپ، ئوتتۇز يەتتە كۈندىن كېيىن ئەل خوجانەبىنىڭ كارۋانلار ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

ھۆرمەت گۈلشىنىنىڭ مەسۇم بۇلبۇلى قىزىم شەمسىقەمەرگە، سىز ئارقىلىق ئانىڭىز گۈلخانىمغا:

سىلەرنىڭ سالامەت خوتەنگە يېتىپ بارغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم. ئوبدان ئورۇنلىشىۋالغانسىلەر، ھەم شۇنداق بولۇشىغا ئىشەنچىم كامىل.

ھۆرمەتلىك قىزىم، سىز كېتىپ يەڭگە خوتۇن ئارقىلىق قاھارنىڭ، بۇ نىجاسەت ئالىمىدىكى لەنتى بۆرىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئاشكارا بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ يەتتە يېرىگە پىچاق سانجىلغانلىقىنى، كۆكسىگە قادالغان پىچاقنىڭ تارتىۋېتىلمەي شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، ھازا ئېچىپ، تەزىيە كىيىمى كىيىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ مۇردىسى ئۈچ كۈن ئاشۇ ئۆيدە ئىگىسىز قاپتۇ. ناماز ئەھلىلىرىمۇ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇغىلى ئۇناشماپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى بىر نەچچە مۇرىتى ئۇنى قەبرىستانلىقتا ئاپىرىپ ئاددىيلا كۆمۈپ قويۇپتۇ. ھازىر پۈتۈن شەھەر خەلقى شىرمۇھەممەد ۋە ھاجىمىنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان بۇ قانخورنىڭ روھىغا لەنەت - نەپرەت ياغدۇرماقتا. ئۇنى شەھەردىن يوقاتقان سىزنىڭ قەيسەرلىكىڭىزگە بولسا مويسىپىتلار ۋە ياش يىگىت - قىزلار ئاپىرىن ئېيتىشماقتا، سىزگە چۈشىنىشلىك، پاك - ۋىجدانلىق كىشىلەر ئەلۋەتتە خارلانمايدۇ.

قىزىم شەمسىقەمەر، خوتەن — شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ بۇلىقى، شۇ تاپتا سىز بۇ بۇلاقنىڭ ئىچىدە تۇرماقتىسىز. سىز بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ بەختى دەپ بىلىڭ، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىڭ! ئىجادىيەتتە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەڭ. ئۆگىنىش-

نى بوشاشتۇرۇپ قويماڭ. ئۆگىنىشتە زېرىككەك بولماڭ. ئىز-
دىنىشتە ئېرىنچەك بولماڭ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە
تېرىككەك بولماڭ، ئالدىڭىزدا ئۇچرىغۇسى رەقىبلىرىڭىزگە كۆ-
ڭۈلچەك بولماڭ، تۇرمۇش ـ كۈرەشتۇر، كۈرەش بەخت دېيىلى-
دۇ.

ھۆرمەتلىك قىزىم، نۇرخاتىپ، ھۇسەيىنلەر ساق ـ سالا-
مەت قايتىپ كەلدى. شەھىرىمىزدە ئۇلارغا نىسبەتەنمۇ ھېچقان-
داق دۈشمەنلىك يوق. سىلەرنىڭ ئۆي ـ جايىڭلارمۇ ياخشى
تۇردى. ئاچىڭىز كۆچۈپ كېلىپ قەدىردان ھاجىمنىڭ چىرىغىنى
ياندۇرماقتا. مەنمۇ سالامەت تۇرۇۋاتىمەن، ئائىلە تۇرمۇشۇممۇ
ئىلگىرىكىدەك، گۈلبەھرەم سىزنى تولا يادلايدۇ. ئۇنىڭغا خەت
يېزىپ ئەۋەتىڭ. ئۇنى سىزنىڭ ئىزىڭىزدىن تەربىيىلەش بىزنىڭ
بۇرچىمىز. مەن قېرىپ قالدىم. شۇڭا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا
يەنە بىر قېتىم خوتەنگە بېرىپ، سىلەرنى زىيارەت قىلىپ قايتى-
ماقچىمەن. سىلەرنىڭ سالامەت ۋە بەختلىك بولۇشۇڭلارغا تى-
لەكداشمەن.

ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك ئۇستازى ئەل خوجانەبىنىڭ كۈچ ـ
قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى خېتىدىن بىھېساب مەدەت ۋە ئىلھام ئال-
غان شەمسىقەمەر ئالاھىدە تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇ ھە دېسە
گۈلخانىمنى ئالدىرىتىپ، شائىرنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋېلىش
ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى.

## خاتىمە

# تۇتى قۇش ناۋا قىلماقتا

ئارچا شېخىدا ئولتۇرۇپ ھېكايە سۆزلەۋاتقان تۇتى قۇش
سۆزىنى بىر پەس توختىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ، ھېكايى-
سىنى تۈگەتتى:

ھاياتنىڭ سىرىنى بىلگۈچى بولساڭ ئۇنىڭدىن قاچما. بى-
لىمسىز نائەھلىلەرگە ئىچكى سىرىڭنى ئاچقۇچى بولما، دوستى-

سىز ھاياتتىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت. دوست تۇرمۇشتا كىشىگە
بەخت ئاتا قىلىدۇ. ھايات مەنتىقىسى شۇنداق: تۇرمۇشنىڭ
پاجىئەسىدىن ئۆتمەي بەختىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئې-
نىقكى، كېپىنەك گۈلگە ئاشىق بولسىمۇ، ئەمما بۇلبۇلدەك جان
كۆيەر ئەمەس. گۆھەر ئىزدىمەكچى بولساڭ، غەۋۋاس بولۇپ،
دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر تېگىگە شۇڭغۇغىن. ئۆمۈرلۈك
سۆيگۈ - مۇھەببەتكە ئېرىشەي ، ۋاپادار ئاشىق بولاي دېسەڭ
ئەقىدە - ئىخلاسىڭغا سادىق بول. بىلىملىك بولاي دېسەڭ ئىز-
دىنىپ ئۆگەن. بىلگەنلىرىڭنى خاتىرىسىز قالدۇرۇشتىن ھەزەر
ئەيلە!

بۇ چاغدا چىڭقى چۈشتىن سەل ئىگىلگەنىدى. كىشىلەر
ئىشقى - مۇھەببەت گۈلىستانىنىڭ قەدىرلىك ھېكايىچىسى —
گۈزەل تۇتى قۇشقا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قىسسىدىكى
پاجىئەلەرگە قاتتىق ئېچىنىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ قايتىشتى.
بىلمىدىم، كۆز چاناقلىرىم قاچان ياشلانغاندۇ؟ تۇتى قۇشنىڭ
ناۋاسىدىن ۋە ئۇنىڭ قايغۇلۇق يېڭى ھېكايىسىدىن ۋۇجۇدۇم
ئاچچىق ئەلەمگە تولدى. شەمسىقەمەرنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ
قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى بىلىش ئارزۇسىدا شۇ
تاپتا ۋۇجۇدۇم بەكمۇ تاقەتسىزلىنەتتى. ۋەھالەنكى، ھېكايىچى
ھېكايىسىنى توختاتقان. ئويلىدىمكى، بۇنىڭغا ھازىرچە ئامال
يوق ئىدى. ماقۇل، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئۇنى ۋاقتىنچە سورىمىغى-
نىمىز تۈزۈك بولار، ئېھتىمال بۇنى تۇتى قۇش ئۆزىنىڭ كەلگۈ-
سى ھېكايىلىرىدە سۆزلەپ بېرەر.

مەن جامائەت ئىچىدە پەرىشان كېتىۋېتىپ، ئىنسان روھى-
نىڭ باھادىر كۈيچىسى بولغان ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك تەقدى-
رى ھەققىدىكى بۇ نادىر ھېكايىنى قايتا ئەسلىگىنىمدە ئېغىزىم-
دىن مۇنۇ سۆز ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى: مەشئۇملۇق!

# شاھسەنەمنىڭ ئاشىقى

(ھېكايە - پوۋېستلار)

ئاپتورى: مۇھەممەت چاۋار
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۇچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
سانقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.125
نەشرى: 2007 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىلى 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 3001—6000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-08652-8—8
باھاسى: 9.00 يۈەن